ئا. زۇنۇنى

# تاڭنى كۈتۈپ

AltunOq

تاشكەنت - 1993 .

ھۆرمەتلىك [illegible] ياخشىمۇ
جانابلىرى!
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] 1954 [illegible]

ئابدۇقادىر زۇنۇنىي

# تاشنى كۆتۈپ

(يادنامە داستان)

FROM THE LIBRARY OF GULAMETTIN PAHTA
EAST TURKISTAN NATL RESEARCH CENTER INC

تاشكەنت شەھىرى .
1993 - يىل .



«تاڭنى تۇتۇپ» — ھايات داستانى،
جاھانغا كەم بىر ئەسەردىن دېمەك.
بايان قىلسام كۆرگەننى - بىلگەننى،
بويى قالار دەپ ئەۋلادقا كېرەك!

# مۇندەرىجە


1) بىسمى ئەۋۋەلكەلتۇ ئەلەللا . . . . . . . . .
2) ئاتام، ئانام ۋە دىيارىم . . . . . . . . .
3) «ئوردا» مەھەللىسى . . . . . . . . .
4) تۇرمۇش ئېغىرچىلىقلىرى . . . . . . . .
5) ئىشلەمچىلىك - سەرگەردانلىق . . . . . . . .
6) ئىشلەمچىلىك ھەققى . . . . . . . . .
7) تۇماقچىلىق شاگىردى . . . . . . . . .
8) ئىنقىلابنىڭ بوغۇلۇشى . . . . . . . . .
9) ئەرك، مەرىپەت سەرايلىرى . . . . . . . .
10) سودىنى ئۆگىنىش . . . . . . . . .
11) ئوقۇشقا ئىنتىلىش . . . . . . . . .
12) تىببىي خادىم . . . . . . . . .
13) گىمنازىيە بوسۇغىسىدا . . . . . . . .
14) يەنە قىرغىن، زۇلمەتلىك كۈنلەر . . . . . .
15) ئەدىبىياتقا قىزىقىش . . . . . . . . )
16) جاللاتنىڭ ئىككى يۈزى . . . . . . . . 5
17) ئويغىنىش - قوزغىلىش . . . . . . . . 6
18) ئازاتلىق خۇشاللىقى . . . . . . . . 8
19) دوستلۇق شەھرى ۋە «ئورتاق تىل» . . . . . . 5
20) باشقۇرغۇچىلار تىل تېپىشقاندا . . . . . . 58
21) «ئىشتىياق ۋە كۆرەش» . . . . . . . . 62
22) ئىشتىياقسىزلىق ۋە يەنە زۇلمەت . . . . . . 64
23) ئازاتلىق سەۋاب . . . . . . . . 67
24) «ئىشچانلار گېزىتى»دە . . . . . . . . 71
25) يۈرۈش ۋە قوشۇن . . . . . . . . 74
26) خىتايغا ساياھەت . . . . . . . . 78
27) قەشقەر «باغچەكۆل»دە . . . . . . . . 83
28) بەشكىرەم ۋە ئاتۇش . . . . . . . . 88
29) شەھىدانە خوتەن . . . . . . . . 92
30) «ئۆچكە قارىتى» ھەرىكىتى . . . . . . . . 95
31) «شاۋىنىستلارنىڭ ئويۇنلىرى» . . . . . . . . 96
32) «سىنىپىي كۆرەش» باھانە . . . . . . . . 103

بەت


33) «سۇلەيمان»نى ئوقۇپ، «ئۇلار»نى ئوقۇتتى . . . . . . 107
34) زىمىنلىكتە خاتىمە . . . . . . . . 109
35) قورۇلتايلاردا . . . . . . . . 111
36) ھاياتتا چوڭ بورۇلۇش . . . . . . . . 113
37) كولخوز بوستانلىرى . . . . . . . . 118
38) مۇھاجىرەتتە ھىجرەت . . . . . . . . 121
39) «شەرق ھەقىقىتى» ۋە ئىلمىي تەھسىل . . . . . 123
40) ئالدانغانلار . . . . . . . . 127
41) سەرگەردانلار . . . . . . . . 131
42) «دوستلار»، دۈشمەنلەشكەنلەر . . . . . . . . 140
43) «ياشلار نەشرىياتى»دا . . . . . . . . 142
44) ئۆزبېكىستانغا رادىئو ئاڭلىتىش . . . . . . . . 143
45) يېزا ئىگىلىكى تارىخىنى ئۆگىنىش . . . . . . . . 146
46) ۋەتىنىمدە يەنە قىرغىنلار . . . . . . . . 147
47) چىن ۋە ۋەتەننى زىيارەت . . . . . . . . 151
48) زىيارەتتىن كېيىنكى ئويلار . . . . . . . . 157
49) ئازاتلىق شاماللىرى . . . . . . . . 161
50) خاتىمە ئورنىدا . . . . . . . . 163

## بىسمى تەۋەككەلتۇ ئەلاللاھ

بىسم الله الرحمن رەھىم —
دەپ باشلاي يەنە ھەممە ئىشىمنى.
بۇ ئۇدۇمنى ئانام ئەزىزىم،
ئۆگەتكەنىدى سىلاپ بېشىمنى.

نىيەت قىلىپ زورەتتىم كۈيىتىن،
ئۆمۈر يوللىرىمنى يېزىشنى.
مەقسەت ئۇنى ئۆز ئەۋلادىمغا،
يادىكار قىلىپ ئۇچۇق سىزىشنى.

نەسرىلەر باشلىغان نىمە مەن،
قىسسە قىلىپ كۆرگەنلىرىمنى.
دەۋر قىسىپ، يوللار ئۆزگەرىپ
ئېيتالمىسام بىلگەنلىرىمنى.

مانا ئەنەسى قىرىقىسىمەن،
قارار قىلدىم داستان يېزىشقا.
سىياسەتلەر ئۆزگىرىۋېرىپ،
تاسلا قالدىم يولدىن ئېزىشقا.

كۆزۈم ئاجىز قىسقىغىنىدا،
خەيرىخاھ مىللىي ئەگىسى ياردىمى.
"ئېيتالىق يازاي - ئاقىچا كۈچەي!"،
دەپ كۆرسەتتى خۇلقى ئاددىي.

ئىلھام بەردى شۇ گەپىنىڭ ئۆزى،
"تەۋەككۇل" دەپ ئالدىم قەلەمنى.
تەييارلار تۇرمۇش يوللىرىشىم،
كۆچرىشكە ئۆتمەستىن مېنى.

قىرىق يىلدىن ئۆتتىن ئىراقتا،
ياشايمەن مەن دەردۇ پىراقتا.
خەلقىم كۈيۈپ يانار ئۇياقتا،
ئىزلىنىدۇ "ئەركى قاياقتا؟"

ئەرك ئۈچۈن كۆرەشلەر قىلدى،
"ياردەمچى" لەر مۇھەييا تۇردى.
ئۆز ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ،
ئۇلار يۈزى ئەتۇر ئۇرسى.

ئىشەنمەيلى غەيرىلارگە ھېچ،
خالىس پاناھ بىر قۇۋەت اللە دۇر.
مەنيىدىشى تۇنجى كەلمىسە،
غەيرى ئاللاپ-تالاپ قاچادۇر.

تولا ساددا ئۇيغۇر خەلقىمىز،
ئالدىنىشۇرىپ يىغىرىپ كەلگىمىز.
جاپا تارتتۇق، قۇرەشلەر قىلدۇق،
ۋاھ ھەسرەتا، قىنى ئەركىمىز.

شۇ ئەلەملىك دۇنيادا ئۆستۈم،
خەلقىم بىلەن بىللە ئالىشنىم.
بىللە تولۇپ، بىللە شادلاندىم،
غېرىبلىقتا بەك ئازابلاندىم.

غۇربەتتە كۆپ ئويلاپ كەتكەنسەن،
يالغۇز قىلىپ، بىرجانۇ بىرتەن.
كۆرگىنىڭسىن خۇلاسە قىلىپ،
ئىبرەت ئېلىپ، بولسۇن خوش ۋەتەن!

يېشىم مېنىڭ يەتمىشتىن ئېشىپ،
كۆزلىرىمنىڭ نۇرلىرى ئۆچتى.
خەت ئوقالماي، ئادەم تونالماي،
ئېزىت، كىتاب قولۇمدىن چۈشتى.

بەرۋا قىلماي بۇ ئەلەملەرگە،
قەلەمنى مەن قولدىن بەرمىدىم.
[illegible]
«مەۋرەقە بۇ يادنامەم» دېگىنىم.

قىلغىنىم شۇ: ئۇغۇل، نەۋرىلەر،
چەۋرىلىرىمۇ ئوقىسا ئىدى.
ئۇيغۇر خەلقى ۋە دىيارىمنى
تاتىقالار چەبرىن تونۇسا ئىدى...

× × ×

## ئاتام-ئانام ۋە دىيارىم

زۇنۇن ھاجى — ئاتۇشلۇق ئاتام،
رابىيە خان — غۇلجىلىق ئانام؛
ئاتۇش — تۇغۇلغان قايىنام ماكانى،
غۇلجا — تارىخى كۈرەشلەر كانى.

تۇغۇلدۇم مەن غۇلجا شەھىرىدە،
مىڭ توققۇز يۈز ئون توققۇز سەنە.
باھارنىڭ — مارتنىڭ يەتتىسى،
ئۆتۈپ كەتتى مانا بىر قەرنە.

يەتمىش بەشكە قەدەم تاشلىدىم،
ئانام يېشىن ئېتەكلى قاتلىسىم.
بىرىسىم ئەسىر ياشاپ ئاتامغۇ،
كەتكىنىنى مەيۈس ياتلىسىم.

ئاتام كەتتى سودا يولىدا،
ئۈچ ياش قالدىم ئانام قولىدا.
ئالسام ئۇنىڭ تەربىيىسىنى،
تەلىم، ئەخلاق نەمۇنىسىنى.

دادام چوچەك، شەمەي كەتكەندە،
ئانام ۋە مەن يالغۇز قالدىمىز.
شۇ قاراڭغۇ ئېغىر كۈنلەردە،
ھەممە يۈكنى باشقا ئالدىمىز.

تىنىلىرى ئانام بىچارە،
ئۇخلىماستىن تىنىم تىكەتتى.
سەھەر ياماق ئامالنى توقۇپ،
دۇئا بىلەن يېشىن تۆكەتتى.

"... ئەي خۇدايىم ئامان ساقلىغىن،
دادىسىنى يالغۇز ئوغلۇم مېنىڭ.
ئىشقىلىقنى تاتقان ئىسىم مەنىڭ،
بەختىنى بەرگىن قوزام مېنىڭ.

مەيلى ئازاب چەكسە مەن قانچە،
شۈكرى دەيمەن بەرگەن كۈنلەرگە.
ئاچ، يالىڭاچ قالمىساق شۇ بەس،
زېرىكمەن تەگمەس ماڭا تىنىمغا.

بەختى ئوغلۇم ئىشتىن بولسا،
رەڭگى سولۇپ، كۆڭلى سۇنمىسا.
باغرى تولۇپ ئويناپ ياشىسا،
مەكتەپكە شوخ قەدەم تاشلىسا...»

ھە، مەكتەپكە ئوقۇشقا تەشنا،
ئىسىم مەڭگۈ كەتمەسلىك تىلەپ.
ئانام ئۆيىڭ دەرس ئۈگەتكەنسى،
ئۇزۇن يىپشىمىغا دەسلەپ بىسمىللا...

مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىردىم،
تۆت يېشىم، تۆت ئاي، ئون كۈن دېگەندە.
ئانام زىغلاپ مېنى تاپشۇردى،
پەرۋەردىگار ئاللا - ئىگەمگە.

مەدرىسنىڭ ئوقۇتۇشلاتتى،
تىلسىمى قەدىم دەرسى ئەلۋەت.
ئونىچى ئۇستاز نامىلىرى ئەزىز،
ھاشىر خەلپەت، شەمشىدىن خەلپەت.

يادىمدا شۇ ئونىچى ئۇستازلار،
مۇلايىم، بەك سېھىرلىك ئىدى.
جان كۆيۈۋرۈپ بەرگەن تەلىمى،
دىلغا يېقىن سېھىرلىك ئىدى.

ئۆيىگە ئانام بىكار قويمايتتى،
چاپىنىڭ كېيىن دەرسنى سوراتتى.
بىلمىگەننى تۈتۈپ تۈزى،
بىلگەنلىرىمنى تەكرارلىتاتتى.

شۇ چاغلاردا بولغۇسى ئەدىب،
زۇنۇن قادىر بىزنىڭ مەھەللە.
ئۆيلىرىنىڭ ئاكىسى بىلەن،
چىقىراتتى بىسىپ ئىلىپپە.

ئويناپ زوردۇپ كىرىپ قالاتتىم،
ھويلىسىغا شۇ زىگىتلەرنىڭ.
«مۇئەللىم ئاكا»، «مۇئەللىم ساي»
كىتابلارنى ئوقۇپ قالاتتىم.

بىر كۈنى كۆرۈپ ئوقۇغۇچىمنى،
زوڭزىيىپ ئاكام خۇش بولۇپ دەيتى.
"ۋاي سەن پەقەت ئوقۇمامسەن؟
ئوقى ئۇكام! مولا بول" دەيتى.

شۇ-شۇ بولدى ھەر كۈنى ئوقۇرغا،
كىرىپ تۇرۇش بولدى ئادىتىم.
قارىسىمۇ كىتاب ئوقۇيمەن،
ھە، بۇ مېنىڭ خۇش سائادىتىم.

## ئوردا مەلىسى

غۇلجا شەھەر ئوردا مەلىسى،
قاقاس كوچا، ئېتىز چارىكلىق.
پەقەت قاسىم بەگنىڭ ھويلىسى،
چىرايلىق تەك، باغۇ-بارلىق.

دۆتەي يامۇل يېقىن مەھەللە،
بالىلىقىم ئەشۇ مەلىدە.
شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەھەللىكى
تەسىراتلار مەڭگۈ ئۆزگىچە.

بىز بالىلار ھەممىمىز بىللە،
كوچىلاردا ئوينىتۇق قاللەي.
پايپاق تىپىپ - سەكرىشىپ،
چېقىرىشىپ "ئېتاتتۇق قاناي".

بالىلىقىم ئۆتكەن مەلىدە،
دوستلىرىم مۇخمۇجانلى بارىسى.
شۇنىسى ئېنىق دوستنى خاتىرلەي،
ئېسىملىرىمدە مانا بارىسى.

لېكىن دېگەندە ئېسىم بارىسى،
(كېيىن بولدى لەقىمى "لونىۋە")
تاشكەنت سىلىپ ئوقۇپ باردى ئۇ،
ئەللىك بەش يىل ئىلگىرى بۇنىسى.

ئابدۇراھمان بىر تېبىك دوستۇم،
مەسىھزگە تولا تېلەيتتى.
مۇسىسىغا ئەتىشىپ زۇرۇپ،
ئۇينىغىلى مېنى ئۈندەيتتى.

لېكىن دوستۇم قىرىق توققۇزدا،
ئىستامبولغا كۆچۈپ يالا كەتتى.
ئاخىر بۇنىسى ئۇنى زېلىھ بۇزۇپ،
شۇ غورىبەتتە ئۆلۈپ كەتتى.

ئابدۇراھمان تەغىرىنى قاراڭ،
ياشلىقىمدا يەنە ئۇچراشتى.
شوراغىمۇ چىقىپ كورۇشتۇق،
ئۇ بېشكەكتە ئولتۇراقلاشتى.

شۇنداق دوستلار كۆپلىرى ۋەيران،
بىرى ئۆلۈپ، بىرى سەرگەرداڭ.
زىندان، سۈرگۈن ئازابىن تارتتى،
كۆپ دوستلىرىم ۋەتەنندە قالغان...

يەنە كېلەي ئۇدا مەلىسىگە،
بالىلىغىم خاتىرىسىگە.
دىيارىمنى سېغىنىپ يازدىم،
"يادنامەم" نىلە داتىرسىگە.

ھېكمىيەگە كېلەتتى يات-يات،
سەرالىنقىلار ئاتلىق، پىيادا.
ھال سورۇشۇپ، ئەرز-داد ئېيتىپ،
ئۆمۈر تىلەپ بەگكە زىيادە.

بەگ غوجامنىڭ ھوقۇقى مەلۇم،
سالا-سولھىسىنى نىرى ئاشماتتى.
چوڭراق داۋا-تالاشلار بولسا،
شەھەر(1) ئاتالىغا ئۆزى باشلايتتى.

مەيلى، شەڭگەن، دوتەيمۇ(2) خىتاي،
تىرگەنلەر زىنىڭ بولار ھالى ۋاي.
ھە، دېگەنىش سوغا قىلاتتى،
"سوۋغا" دەپ بولمۇ ئالىمۇ ياتاي.

1) شەھەر - شەنگەن - ھاكىم.
2) دوتەي - ۋالىي.

بۈگە يىلەرنى ئاتلاپ قالاتتۇق،
سۆزلەشكەنمىش چوڭلار ئولتۇرۇپ.
«يالاڭ دىقان» ئاتالغۇ تولەمەي،
قىچىشىپ ئۆرۈپ قايتۇ سولۇنۇپ.

بەگ ئاتامغۇ ئارىغا كىرىپ،
بۇ دىقانى بوشۇتالمايتۇ.
بىچارىنىڭ ئۇششاق باللىرى
زار قاقشىشىپ، ئىڭلىشىپ قايتۇ.

بۈگۈن ئاتام سەيسە تۇتقانلىق،
بىر ھارۋىكەش قىچىپ كەتكەنمىش.
— قاچالمايتۇ، ياق تۇتۇلۇپتۇ،
«داتاڭ»، ئاتىسىپ راسا تەپكەنمىش...»

سەيسە ئاتالغۇ ياساقتىن قىچىپ،
قۇتۇلغانلار كەلمەس بىر كام ئىدى.
ئەگە بارسۇنە تۇتۇلۇپ ئاخىر
شائىيولارغا تەييار «يەم» ئىدى.

دوتەي، شەنگەن، دايى[1] بارىدور،
شاڭيو[2]، لوزۇڭ[3] ھەم يايى[4] بارىدور.
يامۇل چاكارى - لوبى بارىدور،
دارىن[5] ئوغلى - شوبى بارىدور.

مىلڭ توققۇز يۈز يىگىرمە سەككىز،
يىل ئىلىغا دوتەي بولدى چاڭ.
يىل ئوتمەيلا ئۇنىڭ ئوغلىمۇ
تەلۈ بىلتىتە چىقاردى چوڭ داڭ.

«شاراڭ شوبى»، دەتتى ئۇنى خەلق،
قىلمىشلىرىغا ھەيرانە بولۇپ،
يۈزلەپ لوكچەك ئۇنىڭ كەينىدە،
«خىزمەت» قىلار پەرۋانە بولۇپ.

---

1) دايى — چوڭ ئەمەلدار.
2) شاڭيو — مىنبېشى دەرىجىلىك ئەمەلدار.
3) لوزۇڭ — سودىيە.
4) يايى — چاپارمەن.
5) دارىن — تۆرە دېگەن مەنادا.

ئۇ ئۆلكىگە كەلەر شويىغا ئەسكەر،
بىلگىنىنى قىلاتتى بەدبەخ.
ئورۇش، تالاش - ئادەمنى خورلاش،
ھۈنەرسىز ئەسەددىي ئەبلەخ.

«ساراڭ شوڭى ئەسكىرى كەلدى...»
دىسە ھەممە قىچىپ كېتەتتى.
يامانلىقنى ياخشى كۆرگەنلەر،
چېركىلىككە ئۆزى كىرەتتى.

دۆتەي جاڭنىڭ مەنسەپ ئېلىشقا،
كەتكىنىنى كۆرگەنمەن يولدا.
«سۇۋاڭ» - سوغىلار ئاتىكى داچىي[1] دە،
ئۈرۈمچىگە كەتكەنى يازدا.

قوش داچىيدا سوغا ئەپكەتكەن،
ياڭ جاڭجۇگىغا موسۇ جاڭ خىتاي.
بىز سىتەي[2] دە كۆرۈپ قالغانىدۇق،
ئەنسى بوپتۇ ئېلىغا دۆتەي.

يادىمدا مەن سورىغان ئاتام،
- دۆتەي ئېلىكنىڭ باھاسى قانچە؟
ئاتام كۈلۈپ جاۋاب بەرگەنىدى،
- بىر شىنۇ جاڭجۇڭ[3] تويغانچە!

- ئاپا، ئاپا، - دەپ سورىتتىم مەن،
- دۆتەي ئۆينى نەدىن ئالىدۇ.
- دىخان، كاسىپ ھەممە بوزىرادىن،
ئېلىش ئۈچۈن سېلىق سالىدۇ...

كېيىنرەك بىز غولجىدا ياشاپ،
جاڭنى دۆتەي ئورنىدا كۆردۇق.
سوغىلار راست شۇنچا يارايتو،
بوتونە ئىلى سوڭا قارايتو.

چۆچەك، شەمەي سەپەرلىرىسىن،
ئۈچ ئىلى ئۆتۈپ قايشىپ كەلگەنىمىز
ئاتام ئۆلۈپ شەمەيدە قالدى،
يەنە يالغۇز ئانام ئىككىمىز.

1) داچىي - چوڭ ھارۋا.
2) سىتەي - سايرام كۆلىنى بىيىنىكى دەڭ. كارۋان ساراي.
3) جاڭ جوڭ - ئۆلكە ھەربىي ۋالىسى.

ئويغانىمەن گويا چۈش كۆرۈپ،
تەشۋىش چېكىپ دەردلەرنى يۇتۇپ.
زارلىقىمەن ئويغانسام دەيمەن،
كۆكتە قاراپ سۆزلۈك تاڭ كۈتۈپ.

## تۇرمۇش ئېغىرچىلىقلىرى

ئوقۇشۇمغۇ يامان بولمىدى،
بۇنى ھەممىسى ھېرىپ تالمىدى.
لېكىن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى،
ئىشۇرۇپ چارە قالمىدى.

كۆپ ئىسلەيمەن ئانام بىچارە،
جان بېقىشقا كۆپ ئىش ئىزلىدى.
ئايلاپ يۈرۈپ تاپقان بىر ئىشى،
سوغاق سۇدا ژۈك يۇيۇش ئىدى.

ئۇرۇق-تۇغقان ئانام ئەزىزىم،
ھېچ چارە يوق بەلنى باغلىدى.
خوشنىلارمۇ „بولمايدۇ„ دېدى،
بۇ گەپ پەقەت دىلنى „ياغلىدى„.

نېمە چارە باشقا ئىشلار يوق،
ئىشلىمىسە قورساق بولماس توق،
ئۆي ئىجارە، كىيىمگىمۇ پۇل،
يوق نانغىمۇ، ئوتۇنغىمۇ يوق.

ماشىنىچىلىق ھۈنىرى ئۈنۈك،
ئەسقاتمىدى ئەنسىز چوپقات يوق.
يېڭى كىيىم تىكىش ئۇقا يەمۇ،
ھەممە يوقسۇل، تىرىكچىلىك يوق.

باردى ئانام زاۋۇتقا ئىشقا،
سوغاق سۇدا ئۆزلە ژۈك يۇيۇشقا.
لېكىن ھەپتە ئۆتمەيلا مەسكىن،
ئىقلىپتۇ ئەشۇ سوغ سۇغا.

كۆرۈپ قايتتۇ ئادەملەر ياخشى،
ھالسىزلىنىپ ئۇخلىغىنىنى .
كۆتۈرۈشۈپ ئېلىپ كېلىشتى،
بىچارىنىڭ بىھۇش تېنىنى ...

يېتىپ كەتتى غېرىبىم ئانام،
شۇ ياتقانچە تولىمۇ ئۇزاق .
تۇيۇپ كۆرۈپ دوختۇرلار بېرىپ،
دېدى، «يېسۇن قۇۋۋەتلىك تاماق»

ئۇنى بىزمۇ بىلەن تىتۇق قويۇپلا،
كېلىپ ئاران تاپتۇق چاي - نان .
كەچكە تاپسا بېرىم جىڭ گۆشنى،
ھەپتىگىچە يەتتۇق خىرامان .

شۇ ئەھۋالدا ئانام قۇۋۋەتسىز،
ئۆيدە ياغ، ئۇن ياكى گۈرۈچ يوق .
كېيىمسىز ئۆيلىمە يېتىپ ھېچ،
دورا، ھەتتا سوغىمۇ پۇل يوق .

ئەنسى قوساق نېمە بولىدۇ،
تۈنۈپ سوغا بولغا تولىدۇ .
پاششاقا پۇل تېپىش بەك زور ئۇر،
ئىشسىز بۇ پۇل نەدىن كېلىدۇ .

خۇشنا قوشنام مەسلىھەت بەردى،
ئانام ئەنسى ئىشلەمەس دېدى .
سەن ئىشلىگىن ئاناڭ ئورنىغا،
بايغا بارغىن، قارا ھويلىغا .

مەتىسىم باي ياخشى ئادەممۇ،
ھېچ قوقمىغىن بىر ئاز ئىشلەپ كۆر .
ئەتىلىككە مەن ئېلىپ بارايى،
ئىشنى بىرىنىڭ ئۆتۈنۈپ سورايى .

— ماقۇل دېسەم، مەنمۇ چۈشەنسەم
ئىشلىسەمكە راسلا ئىشەنسەم .
ئانام دۇئالاپ كۆز يېشى تۆكتى،
«دۇئا قىل!» دەپ خاپىرمەن يەكىدىم

مەتىرسىم باي يامان بولمىدى،
بارغانسىرى كۆڭلۈم سۇلمىدى.
ھويلىسىدا ئىككى ئات، ئىككى كالا،
ھارۋىسى ۋە ئىككى قىز بالا.

شەھەر ئىچى «ئىشەككىچى مەللە»،
ئىسمى بايىنىڭ تۇرغان كوچىسى.
ئىچىملىكنىڭ سۈنى ساتاتتى،
ئىشەك تۇتقان كوچا سۇۋچىسى.

مىنىڭ ئىشىم ئات، موزاي بېقىش،
كەچ ھويلىنى تازىلاپ چىقىش.
گەر ھەدىمىز كۆڭلى خاھلىسا،
ھارۋا قوشۇپ سەيلە قىلدۇرۇش.

باي «جوۋا»، دىسە ئەگىشىپ بېرىپ،
ئېلىپ بەرگەن گۆشنى ئەپچىقىش.
باشقا يەن نىمىلا بەرسە،
ئۆيگە چاپسان يەتكۈزۈپ بېرىش...

بەزى كۈنى ئۆيگە كېچىكىپ،
كېلىشلىرىمۇ بولۇپ تۇراتتى.
ھاتۇ ئىشقىلار بالىلىق كېسەل،
مەدداھلارمۇ يولنى توساتتى.

مەدداھلار، ئۇ ھەجەپ تارىخچى،
سۆزلىسەتتى ئاغزى ئىنماستىن.
ئابىقۇراھمان خان غوجا دەمسىز؟
سىيىت نوچى چېكى قالماستىن.

ئانامنى بەك سېغىنغانلىقتىن،
ھەر كۈنى ئارا يىغلاپ كېتەتتىم.
ماما ساقلاپ قويغىنىنى يەپ،
قوسىقىمنى توقلاپ كېتەتتىم.

مىسكىن ئانام ياتقان يېرىڭ،
مىنى قۇچىپ يىغلاپ كېتەتتى.
يەنە دەرھال توختاپ يىغىسىن،
بېشىمنى سىلاپ ئەركىلەتتى.

كۆرۈپ تۇرۇپ ئانام دەردىنى،
يەنە كېتىش تەس ئىدى ماڭا.
لېكىن ھالىن بىلدۈرمەسلىككە،
تىرىشاتتى مۇشتىپەر ئانا.

ئانام خېلى كېسەلمەن ئىدى،
(ئالدىن قانداق خۇش ئىشچان ئىدى)
دەردى ئېغىر، لېكىن بەرداشلىق،
ھە، ئەسلىدە بەك چاققان ئىدى.

ھەر كېتىشتە ئۆزەمنى بېسىپ،
مەنمۇ ئاران چىقىپ كېتەتتىم.
ئىككىمىزدە سۆزسىز تەبەسسۇم،
بۇنى ئۇمۇ، مەنمۇ سېزەتتىم.

قانداق قىلسۇن ئانام بىچارە،
تىرىكچىلىك ئاھ، تۈز سىرە كەتقۇ؟
ئەمگەك بانا، مەترىسىم بايىس،
ئېلىپ تۇردۇق تۇرمۇشقا ئۆتەبۇ.

## يېتىملىك – سەرگەردانلىق

بىر كۈنى كەلسەم ئانام كۆرگىلى،
خوشنا قوشنىلىرى ئالدىمدىن چىقتى.
دېدى: «ئاناڭ كېچە ئۇخلىيالماي،
تاڭ ئاتقىچە يۆتىلىپ چىقتى...»

ئۆچۈپ كىرىپ ئانام ئالدىغا،
يۈزلىرىنى سىلىدىم ئاستا.
ياتقان ئېكەن سۆزلىيەلمەي،
قورقانا سىرىم تۇراتتى باشتا.

كەلدى موللا ئاناجىغا يولداش،
ئۇنى دائىم ئوقۇپ تۇراتتى.
ئۆگەتكەنمۇ قۇرئاننى ماڭا،
دىققىتىمنى تارتىپ قالاتتى.

ئۆكسۈپ- ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم مەن،
چۈنكى ئانا، سەن بولساڭ دەپ.
ھارارىتى ئۇچقۇر ئىسسىق،
بۇ ئەھۋالدا قالالماتتى گەپ.

ئانام ئاستا ئاچتى كۆزنى،
ئېيتالمىدى يىغلاپ سۆزنى.
ئۆز دەردىنى ئېيتىشتىن قېچىپ،
ھالىم سوردى تۇتۇپ ئۆزنى.

ئەنسى قايتىپ مەن بارالمىدىم،
ھويلىسىغا ئەتىسىم بارالماي.
بېرىپ ئۆزىنى ھەم ئالالمىسام،
ئىش ھەققىمنى بىسىنكى ئايىنالماي.

شۇ- شۇ بولدى ئانام قىش بويى،
كېسەل ياتتى تۈزۈلمەي يۆرەلمەي.
باھارغا زور ئىلىنىش بىلەن،
تۈگەپ كەتتى ئۆز تاڭ كەلمەي.

ئەسىرىمىزنىڭ ئوتتۇز ئىككىنچى،
يىلى ئىدى باھار كۈنلىرى.
كېسەل ئانام ۋاپات ئەيلىدى،
يالغۇز قالدىم كۈندۈز- تۈنلىرى.

تۇققۇنۇم يوق، يېقىنىممۇ يوق،
يالغۇز قالدىم- يالغۇز ئوغۇلدىم.
ئۆيۈممۇ يوق ياكى خەسۇرىم،
پۇلۇممۇ يوق... يىغلاپ بوغۇلدۇم.

تۈن قاراڭغۇ يالغۇز مەن ھامان،
روھ ئېزىلگەن ئۆز ئالدىم تۇمان.
قوساقمۇ ئاچ بۇ تۈنلىكى يامان،
رەڭگىم ئۆچكەن سارغىيىپ سامان.

تۈنجى ئۇستاز ھايىشىر خەلپىتىم،
خوشنا ئىدى مەن تۇرغان ئۆيگە.
شۇ تۈن كېلىپ ھالىم سورىدى،
بۇنىس تۈگۈم ضالى يورىسى.

مەلىسەتكىلەر ھەيتە ئىچىش،
قانلىقتۇر بىر تۇققان تېپىشتى.
باقى ئۆي سايمان ۋە مېنى قوشۇپ،
شۇ ئادەمگە بېرىۋېتىشتى.

ئابدۇللا باي ئىكەن تۇققىنىم،
ئۇنى ئۇزاق شۇ قازانىدا!
بۇ مەلىسەتكە ئىشان قارىدا،
ئوقىغانىتتىم ئانام بارىدا.

«ئوت كەتكەن» دەپ مەسچىت ئاتىلار،
مەدرىسىدە ئوقۇر باللار.
سەككىز-توققۇز ياشلىرىمدا مەن،
يادلىغانىدىم تۆت-بەش پارىلار.[1]

كېيىن چوڭەك، ئانىنى شەمەيگە،
ئاتام كەتكەن شەھەرلەرگە «كېزىپ»،
ئوقۇشلىرىم ئۈزۈلۈپ قالدى،
بىر زورگەندە شەھەرنى كېزىپ.

ئەنسى ئوقۇش ماڭا تېپىلماس،
زۇڭگۇرۇشتىن ئاشمايدۇ ۋاقتىم.
ئۆيىڭ يەككەم — نۇرخان موجايىن،
ئاتايدۇ باي «بۇ تاجى تەختىم!»

بايغۇ باي دەپ چوڭ باي ئەمەستى،
بىر دۇكانى — ماتا ساتاتتى.
ھويلىسىدا بىر ئات، كالىسى،
ئىككى ئوغۇل، بىر قىز بالىسى.

تۇنجى دەشنام، ھاقارەتلەرنى،
نۇرخان ئاچا ماڭا بەرگەنىدى.
نەپرەت ئوچلۇق ئۇرۇقلىرىنى،
قەلبىمگە شۇ نۇرخان سەپكەنىدى.

ئوقۇتۇشقۇ «تىل» دىن باشلىنار،
كالا مورىسە ماڭا تاشلىنار.
زىغلاپ بالا ئوقۇغانىدا ئەگەر،
ئەلۋەتتە مېنىڭ ئۆزۈم ياشلىنار.

1) پارە — قۇرئاننىڭ ئوتتۇزدىن بىر بۆلىكى.

تۆكۈلگەن سۇ تۆكۈلۈپ قالساگەر،
بۇيرۇش ئەمەس ئەمگەكنى ئىشلار،
تىللاپ تويماي ئۇسسۇزلۇقىنى،
لەقەم توقۇپ چاقىراپ قانىرار.

بالىسىنى ئەنەي ئۇفلاتسام،
كالىسىنى «ساغىمەن» دەيتتى.
موزاي تۇتۇش ئىش بولمىسمۇ،
ئۇنىڭغا تىلى ئۆرەلى يەتتى.

قىچارغاندا ئىشتىمى دەمەي،
«ئۆلۈگۈم»، «لەقۋا پەرمان قىنى» دەيدۇ.
ھاكا بىرىپ زاغرا چەۋەنە ۱)
بۇغداي ناننى ئۆزلىرى يەيدۇ.

سەھەر تۇرۇپ سوغا بارىمەن،
ئات، موزايغا يەم-چۆپ سالىمەن.
يالاڭ ئاياق، چول-چول كۆينەكتە،
سۇ بويىدا زىرىقلاپ ئالىمەن.

بۇنى ئەلۋەت ھېچكىم كۆرمەيدۇ،
زالىم نۇرغان ئەلۋەت سەزمەيدۇ.
غۇرۇرۇم بار ئۆزەمچە مىسالى،
زىرىقىشىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

تاڭ قاراڭغۇ-كەچ ھېچ تىنمايمەن،
تىلىنى ئاڭلاپ دىلىنى زىرىقلايمەن.
بۇ بەرداشىم بىر زىلغا يەتتى،
يەنە باھار ساغىنىپ قىرغۇم كەتتى.

دەردىمنى ھېچ ئاڭلار كىشىم يوق،
سەبىر- بەرداش تۈگەيلىر كەتتى.
سىقىلىپ ئۇخلىماي قالدىم،
ئاھزارىدىم ئاللاغا يەتتى.

۱) چەۋەنە — قوناق ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ يېپىلغان نان.

# ئۈستەمنىڭ ھەققى

خۇددى شۇنداق ئەلەملىك كۈنلەر،
سەھەر سۇغا بېرىپ كەلگەنىدىم.
كوچىمىزدا ئاڭلاندى ئۈنلەر،
تۆت-بەش ئادەم (ئىشەك[1]) كۆرگەنىدىم.

ئۇلار سوراپ ئۆيگە كىرىشتى،
خوجايىنلار ئۆزى تونۇشتى.
بىلسەم ئاغام باللىرى ئىكەن،
مېنى بىلىپ يىغلاپ كۆرۈشتى.

قىزىق، تەغىرى بەك ئاجايىپكەن،
ۋەقەنى مەن بىر چۈشەندۈرەي.
بىر جۈپ بالا، تۇل ئانا ئىكەن،
ئۇ ۋاقىتتا ئىكەن مەن نەدىن بىلەي.

مېنىڭ دادام شەھىد چاغدا،
چوقىتىن بىر ئۆكسى بارغان.
دادام ئۆلۈپ بىزلەر قايتقاندا،
ئەشۇ يۇنۇس شەھىد قالغان.

چۆچەكتە بىز يېرىم يىل كۈتتۇق،
ئىنتىزار بولۇپ يۇنۇس كەلگىچە.
كەلگەنتە ئۇ بولدى ئۇششۇق،
جىسىم ياتتى ئۇ سەزۈرۈشتۈرگىچە.

ئانام ئاخىر ئالدىغا باردى،
„بىرلىك!“ دېسى بالام ھەققىنى.
جاۋاپ ئاڭلاپ تىكىر قاپ قالدى،
ئۇ ۋاقىتلاردىن شۇنچە ئۆتكىنى.

„ئاتامنىڭ بەك كۆپ ئىكەن قەرزى»
يۇتۇن مىللى ئارانلا يەتتى»
دېسى يۇنۇس خۇددى باز تەرزى،
ئانام يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى...

ھەممە بىلگەن لەنەتلەر قىلدى،
"رۇستەم ھەققى ئەسقاتماس" دىدى.
بىز قىسىلىپ ئىلغا قايتتۇق،
ئاخىر شۇ دەرت ئانامنى يىدى.

مانا، بۇلار شۇنىڭ باللىرى،
ئۇ ئولۇپتۇ – ياشلا كىتىپتۇ.
يوقالغانمىش يولدا ماللىرى،
خوتۇنى-بالا غەمگە پېتىپتۇ.

يونۇس شۇندا قەشقەرگە كۆچۈپ،
ئۆي-ئىمارەت قۇرۇپ ئالغانىكەن.
كۆپ ئۆتمەستىن يولتۇزى ئۆچۈپ،
باللىرى رۇستەم قالغانىكەن.

ئانا سىتىپ ھەممە مۈلكىنى،
ئىشىكلەردە روزىغا قايتقانىكەن.
موز داۋاننى ئوغرى ئىلىپتۇ،
بۇلار تونۇش ئوخلاپ ياتقانىكەن.

تول يەڭگەمنىڭ كۆپ تۇققانلىرى،
ياشايدىغان چوچەك شەھرىدە.
ئۇمۇ يىغلاپ قولدا باللىرى،
يولغا چۈشتى ئەلەم قەھرىدە.

"توۋا!" دىسەم ياش بولسامۇ مەن،
بىرىپ ئاللا قۇدرىتىگە تەن.
ئانام يىغلاپ ئىيتقانلىرىنى،
كۆز ئالدىمدا كۆرگەندەك ئىسىمدە مەن.

"مىنىڭ بىلەن زىخ رۇستەمنىڭ ھەققى"
دەپتى ئانام يىغلاپ سەھەردە.
تۇردۇم مانا ئىسىپ چىققانىن،
ئىشى ھەققى مىنى يا زەھەردە.

قەيران بولىتۇ نامەرتنىڭ ئۆيى،
تورت زىلغىمۇ يەتمەستىن شۇندا
قۇدرىسىنى كۆرگەنلەرى، ئەكرىم،
كۆپ سوزمىدى "چاقاين" تۇنساغ.

ئىشلەپ زېرەك ھەقىقەتكە تەگمەك،
راستىنلا ئۇ مېڭە ۋە زېھنى ئېلىدۇ.
تېشىپ چىقار كۆكسىنى، يا
كۆز ئىگىزگە كىرەر بوپ ئېلىدۇ.

## توماقچى شاگىردى

توماقچىلىق بازىرىن كېزىپ،
بىر ئىشسانى كۆرۈپ قالدىم مەن.
دوپپۇشتىكى ئىككى قانا تىلىق،
دۇكاندا ئۇ سورىدى "كىمسەن؟"

- كىمنىڭ ئوغلى، ئۆيۈڭ قەيەردە؟
- زۇنۇن ھاجى ئوغلى، ئىشچىمەن.
- قاچان ئۆلدى پەدەرلىك مەرھۇم؟
- تۆرت يىل بولدى بىر جانىم بىرتەلە.

- ئاناڭمۇ يوق يالغۇز قالدىڭمۇ؟
ۋاي بىچارە سەن تېخى تالدىڭمۇ؟
مەن داداڭغا دوست ئىدىم بىر چاغ،
ھالىڭ ساڭا بۇ قەلبىمدا داغ.
كەلسىن ساڭا ھۈنەر ئۆگەتەي،
روھى بولۇر شاد داداڭ سۆنتاغ![1]

دادام روھىنى ئەمەس، بەلكى،
مەنمۇ خوشال، تەلپۈنۈپ كەتتىم.
بۇ ھالىمنى كۆرۈپ شۇ ئۇستاز،
رەھىم قىلدى، قەدىرگە يەتتىم.

بۇنى ئاڭلاپ مەن چاپتىم ئۆيگە،
گۆشنى تاشلاپ "كەتتىم مېنى" دېدىم.
"ۋاي-ئاي- دەپ ئۇرۇخانى زاڭلىقمۇ قىلدى،
بۇ بالىنى يەنە بىر تىلىدى.
- باي ئاكاڭغا ئىشىپ قويۇپلا، - دەپ،
چىقىپ كەتتىم ئۇ ئەنسى بىلىدى.

1) سۆنتاغ - قەشقەر، ئاتۇش ناھىيىسىغا قاراشلىق يېزا نامى - دادامنىڭ يۇرتى.

تۇماقچىلىق دۇكانغا باردىم،
— كەل! — دەپ ئۇستاز قىلدى تەبەسسۇم.
ئىسمى ئۇنىڭ كېرىمخان ئىكەن،
ئابدۇقادىر دەپ قىلدىم تازىم.

دۇكان ئۈستى بالىخانىدە،
ئونغا يېقىن شاگىرت بار ئىكەن.
مېنى ئۇلار قارشى ئېلىشتى،
تەگىش ئۈچۈن كىگىز بېرىشتى.

ئۇستاز دېدى ئۇلارغا، كېلىن،
ئابدۇقادىر ئوتاغا بارسۇن.
كۈندۈزلىرى ئىشنى قىلىپ،
تاسىپچىلىقنىڭ سىرىن ئالسۇن.

ئىشخانىدا شاگىرت بالىلارغا،
باشلىق ئىدى ئابدۇللا دېگەن.
ماڭىمۇ شۇ يىپ، يىڭنە بېرىپ،
«باشتىن پۇختا ئۆگەنگىن» دېگەن.

ئۆگۈنۈشنى باشلىدىم دەسلەپ،
ئويماق كىيىش، يىڭنە تۇتۇشتىن.
قوش ئەستەرگە كەسكەن نامەتنى،
يىڭنە سانجىپ يالغان تىكىشتىن.

بىر تۈزە ئوتتۇزپ يىپ تۆگۈشلەنەي،
راستىن تىكتىم ئەنە كىگىزنى.
بۇ بىر ھەپتە داۋام ئەتكەنەي،
ئۇستا كۆرۈپ ماقۇل دېگەنەي.

قوش ئەستەرلىك كىگىزنى تىكىپ،
قول يىڭنىگە قالدى ئۆگۈنۈپ.
دۇكاندا بىر چاردانا قورۇپ،
ئولتۇراتتۇق يانى ئۆگۈنۈپ.

ئاستا-ئاستا چاكارلار تىكىشتە،
ئۆگۈنۈشتى ئەستەر بېكىشتە.
ئىشلار شۇنداق داۋام قىلاتتى،
«ئىشتىلىڭ» دەپ ئۇستا ياراتتى.

ھە، يەنە، راست كە چۈشۈرۈنلىرى،
ئۇستام بىلەن ئۆيگە كىرەتتىم.
بۇ يەڭگە مېنىڭ كىبى گۆھەرخان،
خۇش چىرايىگە خۇش بولۇپ كەتتىم.

سورۇشتۇرۇپ، بەخشىمنى قارانىڭ،
ئەسلى قالسى ئانامنى مېنىڭ.
«رابىيەخان ۋاپات قىلسەڭ،
شۇ ئايىمشام[1] ئاناڭمۇ سېنىڭ؟

دەپلا يەڭگەم ئۆپچۈشىپ كەتتى،
ئىچ ئاغرىتىپ ئېرىغا دەيتتى.
«خۇيما قىيسىز، بۇنى ئەپكىلىپ،
زىنتەم قايتۇ، باقايلى...»، دەيتتى.

مەن شۇ كۈنى ئۇلارغا بالا،
بۇ ئۆيدە يوق ئاتا ياكى ئانا.
ھويلىسى كەڭ، ئايۋانلا بىر باغ،
ئۆيدە پەقەت ئۈچ كىچىك بالا.

ئىشتىن قايتىپ ھەر كۈنى كەلسەلە،
ھويلا-ئارام، باققا قارايمەن.
ئۇستەڭدە سۇ ئاقار ھويلىدىن،
ئۆكىلارنى يۇيۇپ تارايمەن.

سەھەر تۇرۇپ سۇغا تولدۇرۇش،
نان، سۈت، ئۇششاق-چۈششەك ئەكىلىش.
بالىلارنى يېقىش، ئويناتىش،
ئۆيدە ئىشىم بىتۈپ، باز دەم ئېلىش.

كۈنلەر ئۆتۈپ باراتتى بىرخىل،
كېيىن ماڭا ياقاتتى بۇ يىل.
تىللاشلاردىن قۇتۇلغانىدىم،
ئۇستام، يەڭگەم شۇ ئى بەك ئېسىل.

يەنە قايتاي كاسىپچىلىقتا،
كىرىشكەنىم تېزلا قېچىلىقتا.
ئۆگەنگەنمەن ھۈنەرنى خالى،
ئەركىن يۈردۈم يالغۇزچىلىقتا.

1) ئايىمشام — خوتەنسا ھاجىلار زىيارەت جوتۇزنى "ئايىم" دېيىشىدۇ.

مەشھۇر شەھرى تۇماق بازىرى،
غۇلجىنىڭ بىر داڭلىق گۈزىلى.
كۆچىلىرى يېپىلغان چەللە(1)
يازدا سالقىن جاننىڭ ھۇزۇرى.

ئۈستى يېپىق قاراڭغۇ بازار،
دۇكانلارغا بولاتتى ئەپلىك.
ئەردازلانغان تۇماق مويلىرى،
خېرىدارغا كۆرۈنەر سەپلىك.

تىكىلەتتى تۇماقلار بىزدە،
كەمچەت، قاما، "كوچار كۆرپىسىدىن".

**قولاقچىمۇ ھاۋانىڭ تېرىسى —**
**قونۇز، سۇسەرلەر، بۆلەك پۇسۇندىن**

بىز شاگىرتلار يالغانسا،
چۈم ئولتۇرۇپ تىكەتتۇق تۇماق.
قولاقچىمۇ بىزنىڭ كەسپىمىز،
ئەستەرلىرى تېرىسى ئوغلاق.

بايۋەچچىلەر بۇيرۇپ كىيەتتى،
سۇسەر تۇماق، قونۇز قولاقچا.
كەمبەغەللەر ئېلىپ كىيەتتى،
يەكتىكىنى يانىكى تاقچا.

خېرىدارنىڭ كۆپى كەمبەغەل،
سەرالەردىن كىرىپ كېلەتتى.
قىش - سوغاقتا دۈگدىيىپ كېلىپ،
ئورە تۇماق(2) ئېلىپ كېتەتتى.

شۇ بازاردا بار چوڭ چايخانا،
"ئەنجانلىق"(3) لار بولۇپ دەملەتتى.
بايۋەچچىلەر ئۇستا كاسىپلار،
ئولتۇرۇپ شۇ، چۈشتە ئاش يەتتى.

---

1) چەللە - كوچىلارنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان ياغاچ ۋە شاخلار.
2) ئورە تۇماق - سەرالىق دېھقانلار كىيىدىغان تۈپىسى ئۇزۇن
3) ئەنجانلىق - ئۆزبېك مىللىتىگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى "ئەنجانلىق" دېيىش ئادەت تۈسىگە كىرگە

ئاشىقا بولۇپ تاپىنغانلار كۆپ،
يىگانەلەردىن يىغلىغانلار كۆپ.
بىر گۈزەلنى ئارانلا تېپىپ،
شۈكۈر قىلىپ يەيدىغانلار كۆپ...

شۇ قىش بولدى كۆپ قالايمىقان،
ئۈچ كۈن تۇرۇپ قاچتىلار تۇنگان.
خىتايمۇ كىم، ئورۇس، تۇنگانى؟
بىلمەي خەلق ھەيران سەرگەردان.

## ئىنقىلابنىڭ بوغۇلىشى

ئەسىرىمىزنىڭ ئوتتۇز ئۈچ يىلى،
يۇرتىمىزدا بولدى كۆپ ئىشلار.
خوجىنىيازمۇ تۇنگانلار بىلەن،
قىلدى ناھاق ئىشىش - چىشلار.

ئۈچ كۈن ئۆتۈپ سابىق شورادىن،
يالغان نامە ئەۋەتەرلەر كىردى.
ئۆز ئەسلىنى يوشۇرۇپ ئۇلار،
بىز «تارباغاتايلىك» دىدى.

شۇ دەۋردە شورالار بىزگە،
«ياردەم» دەپ كۆپ ھۈنەر كۆرسەتتى.
خوجانىياز ئىنقىلابىنى،
بوغۇپ تاشلاپ، شاڭ[1]غا يول ئاچتى.

شاڭنى قوللاپ ھەممە تەرەپتىن،
قىزىل كۈچلەر باستۇرۇپ كىردى.
مۇسۇلمانمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا،
بەربىر دەپ يەنچىپ، قىردى.

مەركەزدىكى خوجانىياز ناھ،
قەشقەردىكى شەرقىي تۈركىستان.
جۇمھۇرىيەت ئاساسلىرىغا،
بالتا ئۇردى ۋەتەنگە كۆپ قادە.

1) شاڭ - شىڭ شىسەي، 1933 - 1943 - يىللاردا ئۆلكىگە دۇبەن، باش ۋالى بولغان خىتاينىڭ نامى.

مەخسىتى شۇ: بىزنىڭ ۋەتەننى،
چىنلار رىغىلا تابىشۇرۇش ئىكەن.
قول ئاستىدا تۇتقۇنلىرىنى،
تۈز ئاچقۇزماي باشقۇرۇش ئىكەن.

«ئۇيغۇرستان بولسا ئازات، — دەپ —
قازاغىستان، ئۆزبەك قالىدۇ.
تۈركمەن، قىرغىز، تاجىك قوشۇلۇپ،
ئىستىقلالنى تەلەپ قىلىدۇ...»

(ماشاالله، بۇ قەستكە قارشى،
نەسىپ قىلىدۇ بەك ئىستىقلال.
ئازات ئەنىسى غەربىي تۈركىستان،
ئاچار يۈزنى بىزگىمۇ ئىقبال).

## ئەرك، مەرىيەت سەرابلىرى

ئەسىرىمىزنىڭ ئاشۇ ژىللىرى،
ئۆتتى جەڭ ۋە جېدەللەر بىلەن.
ئون مىڭلىغان گۇناسىز ئىنسان،
نابۇت بولدى ھەسلى دەرتلەر بىلەن.

تېپىپ كەلدى خەۋپ مەركەزدىن،
يالغۇز، چەكلىمۇ تۈگىگەن ئىمىش.
«بۇيۈك شۇرا يارلىقى» بىلەن،
دۆبەلىكتە شەك «سايلانغانىمىش».

چوڭ ۋە دىلىر قىلسىمۇ شاكمۇ،
ھېچكىم بىلمەس ئىستىقبىلى چاغمۇ؟
«ئالتە شۇئار» ئۇتتۇرىغا قويۇپ،
يالغۇز، چەك دەك ھىسچىغان تۇرمۇ.

مۇستەبىت لەر ھېچ يار باشتا،
زەھرىنى چىقارماس تاشقا.
ئۆزىنى «ساپ» چىقىرىپ ئۆلسى،
ھېچ ئايىماي سالىدۇ باشقا.

باشتا شۇنداق بەك ھەجايىپ شەكىل،
«ئالتە شۇئار» ئەمەلگە ئاشتى.
شۇرا بىلەن دوست بولۇپ ئۇزۇتقا،
مەرىپەتنىڭ ئىشىكىن ئاچتى.

«ھەممە مىللەت تەڭ ھوقۇق» دېدى،
«پارخورغا ھېچ يول يوق» دېدى.
«يۇرتىمىزنى ئىسلاھ قىلىمىز»،
ئۆلكە خەلقى بولار توق دېدى.

مەكتەپلەرمۇ ئېچىلدى كۆپلەپ،
ھەممە خوشال، دېدى «ھۆررىيەت».
رىۋاج تاپتى سودا، سانائەت،
ھاسىل بولدى دىلغا قانائەت.

بىلىم ئالدى بالىلار، ياشلار،
ھېچ قالمىدى بۇ ۋاقىت ئاقباشلار،
گېزىتلەرمۇ چىقىپ تارقالدى،
ئۇنى بىلگەن، بىلمىگەن ئالدى.

گېزىت، دېمەك راست غۇلجىدىمۇ،
چىقتى كۈنلۈك «ئىلى دەرياسى».
دۇكانلارغا ۋە ئۆيلەرگىمۇ،
يازدۇرۇشتى، ئەرزان باھاسى.

بىر كۈن شۇنداق «بىزنىڭ» دۇكانغا،
گېزىت تاشلاپ يازدۇرۇپ كەتتى.
بۇ دۇكاندا ئۇنى ئوقۇشقا،
ئۇستام ۋە مەن كۈچىمىز يەتتى.

— مەيلى ئوقۇ! دېدى ئۇستازىم،
خۇشاللىقىمدىن قىلدىم مەن تازىم.
«ئوقۇ» دېسە، رۇخسەت بەرسىلا،
تىنماي ئۇنى ئوقۇيتتىم.

ئادەت بولدى گېزىت ئوقۇشلار،
تىڭشار ئۇستا ھەممە شاگىرتلار.
گېزىت ھەر خىل خەۋەرلەر ياسار،
زوقىم مېنىڭ ئۇزۇن ساناپ ئاشار.

كۆزلەر ئۆتتى شۇ بىر تەرەققە،
ئاي، يىل ياساپ كەينى-كەينىدىن.
مەنمۇ ئۇستا بولۇپ قالغانىم،
تېپىش ئوقۇش جاي ئالغان دىلىمدىن.

شۇ يىللىرى ئون ئىككى ئاپرېل،
بايرام بولدى قىزغىن تەنتەنە.
نامايىشلار، ياشلار يۈرۈشى،
ئارزۇيىمنى ئاشۇرار يەنە.

ئۇنتۇز بەشنىڭ كۆز ئالدىدى،
كېچىلىك دادام چۆچەكتىن كەلدى.
ئوقۇتىمەن ئابىرىپ سېنى،
چۆچەك گۈزەل، يۇرت كەتتۇق دېدى.

— ئوقۇتۇشنى ئالسىقمۇ؟ — سورىدۇم،
— راست، — دېدى ئۇ، — مورەممە ئۆرۈپ.
— ئوقۇتىسىز بارىمەن ئەلۋەتتە! —
دېدىم مەنمۇ شوخ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۆتۈپ تۇشۇشتا شەھەرلەر ئارا،
دالا چىققارغان "تارانچى ھارۋا"...
ئىككى چاقلىق ئاتلىق ھارۋىلار،
ئۇزاق يولغا قىلماستى پەرۋا.

شۇنداق كارۋان ھارۋىسى مەنمۇ،
سەپەر چەكتىم چۆچەككە قاراپ.
يولىمىزدا شۆيسۈك بارىشى،
تېيىش ئەلكە يولى تارتىشى.

سايرام كۆلى سەنتەي ۋە سىتەي،
قىزىل يولتۇز قۇش بورتالا.
ھەيتە - كۈن كۈن ماشۇق بۇ يولى،
ماچىسنىغا يېتەر كۈنلا.

كېيىن تاغلار كۈرۈنەر دالىسى،
كورۇنمەيدۇ يەرنىڭ قارىسى.
قارلىق سوغاق، چىقىرار شامال،
چىداشقا تەس ئادەم بالىسى.

تاغدىن چىقىپ تولى يەتكەنىدە،
سوغاق يەنە كۆچىيىپ كەتتى.
شۇ ئارىدا ئۆتۈك ئىچىدە،
ئاياقلىرىم ئۈششۈپمۇ كەتتى.

ھارۋىكەشلەر بەك ئېچىنىشتى،
كۆرپە بىلەن ئوراپ قويۇشتى.
«شامال ئۆتەلە» بەك يامان شە،
ئىسسىق ئوراپ ئېلىپ ئۆتۈشتى.

چۆچەك مېنى ئاسراپ كۈتتى،
بۇتۇم ئۈششۈك، غېرىبلىق يەتتى.
ئاپا قىلىپ بۇ ئوقۇغانلىرىم،
«ئاۋايلىساڭ بولماسمۇ؟!» دەتتى.

قاتتىق سوغاق قاتناق ئاۋايلاي،
ئۆز ئالدىمغا تۈنجى سەپىرىم.
توختى دادام كۆڭلىدا كەتكەن،
نە قىلارىدى ھارۋىكەش شائىرىم...

چۆچەكتىمۇ بوپ ئۆتكەن ئىكەن،
مەن كۆرگەنىدىك «تۇڭگان ئورۇشى»
تۇڭگانلارنى ھايداپ چىقىپتۇ،
قىزىل ئەسكەر ۋە «ئاق ئورۇسى».

«ئالتايىسكىي» دەپ تىرىشىپتۇ،
قىزىل ئەسكەر چۆچەك شەھرىگە.
خىلاۋسكىي دېگەن ئاق ئورۇس،
مۇسۇلماننى ئايتۇ قەھرىگە.

«ئاقلار» قىلغان گۇناسى ئۈچۈن،
خىزمەت قىلغان قىزىلغا چاققان.
بايلارنىمۇ، زىيالىيىنىمۇ،
«ئىسيانچى» دەپ خاپىلاي ئاتقان.

× × ×

## سودىنى ئۆگىنىش

بالىلىرى سىجىل دادامنىڭ،
ئۆمەربەك ۋە مەھەممەت ئەلى.
بەشىنچىش ئوقۇيدۇ ئۆمەر،
شۇ تەڭتۇشۇم دوست بولدى بەلى.

بىر ئاي بىشتىن هويلىغا چىقتىم،
ئاپاقلىرىم ئەنىلا باستى.
بەگ دوستۇمنىڭ ئوقۇشىنى كۆرۈپ،
مېنىڭ راسا خىيالىم قاچتى.

— بۇ ژىل ئۆتتى، — دېيىشتى ماڭا،
ئوقۇشۇمنى ئەسلى تېكىسمەن.
يەنە بىر ژىل كۆتۈش ئوقۇشنى،
ئېغىر شىدى هېس ئەتەسمەن.

ئۆمەربەكنىڭ هەر كۈن مەكتەپكە،
بىرىشىغا بەك قىزىقاتتىم.
دەرسلىك كىتاب ۋە يازغىنىنى،
سوراۋېلىپ ئوقۇپ تۇراتتىم.

كىچىك دادام ماڭا ئىش تاپتى،
دۇكىنىغا ئاپىرىپ قويدى.
بىر نەچچە كۈن بىللە ئولتۇرۇپ،
كېيىن ماڭا تاپشۇرۇپ قويدى.

— هېسابىنى سەن ياخشى بىلسەڭ،
باھالارنى ئۆگۈنۈتما، يادلا، —
دەپ ئۆگەتتى سېتىشقا مالنى،
بىلىۋالدىم بۇ "ئىشنى" ياتلا.

بۇ دۇكاننى سېتىلار شۇى،
تومۇز سايىمالدىن ۋە بويا قالار.
كەكە، بالتا، هەرىلەر دەمىسىز،
باردۇر يەنە چالغا، ئوغاقلار.

سودا قىلىش ھېچ تەس بولمىدى،
لېكىن كۆڭلۈم زادى تولمىدى.
«ئوقۇش كېرەك!» دەتتىم ئۆزەمگە،
بۇ بەخت ماڭا چاپسان كەلمىدى.

كۆپ مىللەتلىك شەھەر دۇر چۆچەك،
ئاھالىسىنىڭ كۆپى قازاقلار،
ئۇيغۇر، ئۆزبەك، تاتارلارمۇ كۆپ،
خىتاي، ئورۇس يەنە باشقىلار.

ۋىلايەتتە «بىزنىڭ ئاۋۇش» دەپ،
«ئورتا تىل» دە گېزىت چىقاتتى.
ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبەك، تاتارمۇ،
ھەممە تۈركىي بىر دەك ئوقاتتى.

خۇشتار ئىدىم بۇ گېزىتكىمۇ،
ئوقۇر ئىدىم كۈندۈز ۋە كېچە.
«بىزنىڭ ئاۋۇش» «دېگەنىدىن باشلاپ،
تا «مۇھەررىر شىھاقى» غىنچە.

ئاتاممۇ يوق، يا ئەزىز ئانام،
مىراسىمۇ يوق، يا خەمسۇر ئاكام. —
ئويام تىشىم مەن، — ئوقۇشۇم كېرەك،
ئەنە ماڭا شۇ ئاتا-ئانام...»

كۈندۈز دۇكاندا، كېيىن كەچ كۇرستا،
ئوقۇش باشلاپ بىر ئاز «بەزلىنىم».
ئەدەبىيات، تىل، ھېسابىنىمۇ،
بەك قىزىقىپ ئوقۇپ ئەسلىنىم.

× × ×

# ئوقۇشقا ئىنتىلىش

كۈن، ئاي ئۆتۈپ يىللار ئالماشتى،
ئوتتۇز يەتتە يىلمۇ باشلاندى.
مەن دوكاندا رەھىم ئوقۇغۇچى،
بىر كۈن ئېلان كۆزگە تاشلاندى.

ئوقۇش ئۈچۈن تاشكەنت شەھرىگە،
بۇ يىل يانا بالا ئالارمىش.
تاللاپ ئۈچۈن ئىمتىھانلارنى،
ھەر ۋىلايەت قوبۇل قىلارمىش...

يېنىش - يېنىش ئوقۇدۇم ئۇنى،
شەرتلىرىنى بىر-بىر دەكسىدىم.
ئىچ-ئىچىمدىن ئارزۇ قىلىش، ئۈمۈت،
جۇش ئۇراتتى قەتئىي ئىشەنچىم.

ئەدەبىيات، تىل، ھېسابلاردىن
ئىمتىھانغا تەييارلىنىپ مەن
بىزنىت ئوقۇپ "سىياسەتكىمۇ
بوش كەلمەيمەن" دەپ ئىشەنگە.

كۆڭلۈم بىر جۇغراپىيەدىن،
تاشكەنتتە باسما دەرسلىكىنى تاپتىم.
تەييارلاندىم، كۆپ تەكرارلاندىم،
ئۇستازلاردىن مەسلىھەت ئالدىم.

ئەمگەكلىرىم بىكار كەتمىدى،
قىرىق بەشتىن ئوتتۇزى بەشىمىز.
مەن، رەھمانقۇل ۋە ئابىدرېشىت،
نىئمەت، ئىشماۋىشى نامىمىز.

خۇشاللىقىم سىغماس ئىچىمگە،
ھەممە ھەيران يالىتىپ كۆزۈمگە.
ئوتياپ "ئوچىتىزىم" كۆردى "قىبلىگاھ"،
رۇخسەت سوراپ قىلدىم ئاتىمغا.

ئېلىن ھەممە بار مايەلەردى،
كەچكى ئوچقۇش بىر بانا شاي.
— دوكاندا سەن ئادەم بولساڭ،
بەس، ئىزراقتا كەتمەيسەن دېسى.

يەنگە — ئابام ئارىغا چۈشتى،
خوشنا خەلىپەت كوپ ئارىلاشتى.
ياق دەپ ئاتا دەرغەزەپ بولدى،
زېغلىسىم مەن رەڭگىمىن سارغايدى.

قويمىسىمۇ مەن شىرەمەي تۇردۇم،
ھەر تەرەپكە ئۆزەمنى ئۇردۇم.
ئاخىر كونا ھۆججۈتنى يىلىپ،
ئۇرۇمچىگە راۋانە بولدۇم.

ئۇرۇمچىنى چوڭ تاللاش شاي،
ئىمتىھانغا تەييار بول دېسى.
لېكىن بۇ ژىل سەزلۇم ئوقىتىمە،
دەھشەتلىك چوڭ ئايەت كەلتۈردى.

ئايلاپ ياتتۇق ئۇرۇمچىدە بىز،
ئوقۇشتىن ھېچ خەۋەر يوق شاي.
ئاخىر بىركۈن دەھشەت باشلاندى،
خەلقىمىزنىڭ كۆزى ياشلاندى.

قىرغىن باشلاپ ھالات شۇڭ دۆلەت،
غوجامنىيازنى زىندان تاشلىدى.
ئاچلىق خەلق پەرزەنتلىرىنى،
مىڭلاپ گورگە پىنھان تاشلىدى.

شورادىمۇ ئاچلىساق لېيىن،
ئوۋچ ئالغانلەر ۋەھشى ھالاتلىق.
شۇنىشى سەيگە ئۆزگە تەكەن ئىلەن،
شوۋستالىن قانلىق قەللاپلىق.

ئوستازىدىن ئاشىرۇۋەتتى،
شالى خاقسورا[1] ھېيلىگەر مەككار.
ئالالى كەتتى ئوستازىمىز،
قەيەرلەرگە قىلىپ سەرەتكار.

1) خاقسورا (سېرىق ساقال) — مانچور رىيىسىنى كۆرۈپ كەلتۈرۈلگەن خىتاي شۇنىڭ ئاتايىتى.

تۈركىستانىنىڭ غەربى شەرقىنى،
ئۆخشاش قىرغىن بولۇپتۇ شۇ چاغ.
تۈركىي خەلق مۇنەۋۋەرلىرى،
جانىرسىن قالماپتۇ ھېچ ساغ.

ھەممە جايلا باشلانسى زۇلمەت،
كۆپ بېسىقا چۈشكەنسى كۈلپەت.
مەزلۇم ئۇيغۇر دىيارى خەلقى،
قالدى دەھشەت ئاستىدا پەقەت.

ئۇقۇشمۇ يوق قايتىنم چۆچەككە،
بىللە بارغان دوستلىرىم بىلەن.
شېفىرىسى قايتىپ كىرىشىمۇ،
چېنقىپ كەتكەن جوجۇنۇم بىلەن.

"باشقا كەلسە كۆز كۆرەر" دېگەن،
گەپ راست ئىكەن كىرىتۇۋەردىم مەن.
بىلە ۋەرمەسى كەينىك دادامنىڭ،
"مەيلى، — دېسى - دوكانغا ئاچسەن!"

كېلىشمىسىن بەگ دوستۇم تولا،
خوش بوپ كەتتى "يامشى" دەۋەتتى.
ماخا ئۇقۇش قايغۇسى بولسا،
ئۇ دوستلۇقنى ئۇيلاۋاتاتتى.

نۇرۇسپۇت خوجامنىياز ھاجى،
قۇربانىياز، يۇنۇس، تاھىربەگ.
يەنە شۇنداق نازىر ۋالىلار،
قاماخانى ھەممىسى بىردەك.

چوچەكتىمۇ كۆپ موتىۋەرلەر،
قاماپتۇ ھاكىم مەنسۇرلەر.
ھەر كۈچىسىن ئاتاغلىق بايلار،
ئۇ تۇردايۇ ساپ گۇناھسىزلار.

ئوقۇش خىيال تىنچىمىنى ئالغانى،
دۇكانى، سودا ھېچنىمە ياقماس.
دۇكانىمۇ، ئۆيۈمۇ دايىم
گېزىت، كىتاب ھولۇسىنى چوشىمەس.

ئانام ھايات چېغىدا ماڭا،
يات-يات چۆچەك ئېيتىپ بېرەتتى.
ئۇنىڭ بىرى «ياغاچچى» دېگەن،
دانالىقنى بەھس ئېيتەتتى.

شۇنى ئەسلەپ يېزىپ چىققىنىم،
ئوقۇپ، تۇرۇپ يەنە كۆچە زەدىم.
«يېڭى شىگىرلاپ» ئۇزۇنلىغا دەپ،
بوجىتا بىلەن تېزدىن «ئۇچاردىم».

كۆپ ئۆتمەي - ئونتۇز يەتتە يىل،
ئاغرىسىكى ساڭغا بېسىلدى.
ئۇنىڭ ئەمگەكى، ئۇنىڭ ئىشتىياقى،
مەڭگۈ بىرىپ كۆڭلۈم ئېچىلدى.

## تىببىي خادىم

يەنە بىر تۈنە ئېلاننى كۆردۈم،
دوختۇرلۇقنى ئۆگۈتەر ئىمىش.
يەتتە سىنىپ ئۆگەنگەنلەرنى،
سىناپ كۆرۈپ، تاللاپ ئالارمىش...

شەھەردە بار بىر كېسەلخانا،
قىشلاقتا بار شىپاخانىسى.
چاپسالا بېرىپ يېزىلدىم شۇڭا،
بولغاس دېسىم پۇشايمانىسى.

«تىرىشسام» دەپ ئويلىغىنىم خوشال،
ئۆگۈنە ... دوختۇر بولارمەن.
ئىمتىھانغا بولدى بىر ئۈچتۈك،
يەنە ئوقۇش، ئىش قويماسمەن.

ئوقۇش ھەر تۈنە ئىككى سائەتلا،
باشقا چاغدا تەجرىبە پەقەت.
ھەر قايسىمىز ھەر قىل دوختۇردا
شاگىرت ئوقۇق قىلاتتۇق تاقەت.

مەنمۇ دەستلەپ يارا باغلىسام،
دورىلارنى ئۆگەنسەم يادلاپ.
كۆز دوختۇرى ئۆگەتتى كۆزگە،
دورىلارنى قويۇشنى چاغلاپ.

ئەڭ چوڭ دوختۇر ياقۇتبەدىن،
كەلگەن شورا ئادىمى ئىدى.
**خېيد**وروۋ دەپ نام چىقارغانىدى،
«قاسساپلىق» تا داڭ چىقارغانىدى.

سورىغىلى يوق كېسىۋېرەتتى،
تەجرىبىسى ئېشىۋېرەتتى.
ھەرخىل كېسەل، ھەتتا تۇغۇتنى،
ئوخشاش، قوبۇل قىلىۋېرەتتى.

شاگىردلىقتا ئىشلار كۆپ ئىدى،
ئاق خالاتقا ئۆگۈنۈپ قالدۇق.
ئوقۇش، ئەمما، يوقلا دېگىنىڭ،
«قانداق ئىش؟» دەپ باشلىققا باردۇق.

«ئىش شۇ — دېدى بىزلەرگە باشلىق،
كېيىنكى تېببىي خادىم بولىسىلەر.
كېيىن تېببىي مەكتەپ ئوقۇسا (؟)
شۇندا تېزرەك ئوبدان ئوقۇيسىلەر».

«ھە بىسلە پىر» دېگەنچە شۇ بولدى،
يەنە يۈرەك ھەسرەتكە تولدى.
ئۆتۈپ كەتتى بىلىمسىز يېرىم يىل،
شۇ كۈنلەردە چىرايىم سولدى.

گېزىت يەنە ياردەمگە كەلدى،
«ئۆزئۆمچە ئوقۇش بار ئىكەن.
كېيىم، تاماق، ياتاقمۇ بېرىپ،
ھەممە دەرسنى ئوقۇتىدىكەن...»

× × ×

## گۈلنازىيە بوسۇغۇسىدا!

بۇ بىرىنچى گۈلنازىيەدى،
چاپتىم ھېرىپ - ھۆرمەتپەرياق.
ھەممە بىرىنچى "نەگە؟" دەپ سوراق،
باشقا گەپنى ئاڭلىماس قۇلاق.

مەن بارغىچە كەچ كۆزۈمۇ بولدى،
ئوتتۇز سەككىز يىللىق ئىشى بۇ.
بارسام "ئوقۇش باشلاندى" دېدى،
لى شۇجاڭمۇ رەھىم قىلمىدى.

يەنە قايغۇ ھەسرەت نەدامەت،
نەگە بارسام بولار ئەدالەت.
ئۈچ كۈنە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى دوستلار
تەلەپ قىلدى، شۇجاڭ "يوق" دېدى.

شۇ يىل باھار دوختۇرخانىدا،
بىر چىن يىگىت داۋالانغانىدى،
ھەر كۈنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مەن
دورا قويغان، ئۇ ساقايغانىدى.

تاسادىپىي شۇ يىگىت مېنى،
كۆرۈپ قېلىپ ھالىم سورىدى.
مەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەنتىم،
مېنى باشلاپ شۇجاڭغا باردى.

بەش دەقىقە ئۆتمەستىن يىگىت
كۈلۈپ چىقتى "ئوقۇيسەن" دېدى
"پەقەت سەنزىي قىشلىق ئىمتىھان
شۇنىسىن ئۆتسەڭ قالىسەن"، دې

"بولىدى!" دېدىم خۇش بولۇپ كەتتىم،
"ئىمتىھانغا تەييارمەن" دېدىم.
رەھمەت ئېيتىپ ھەمشىرە سىڭلىم،
ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ كەتتىم.

ھەممە بولدى - دەرسلىكمۇ كىردىم،
ھەل قىلىنىشى ياتاق، تاماقچۇ .
ھاياتىمدا ئوقۇش ئارزۇيىم،
ھاسىل بولدى يا ئاللا، راستمۇ؟!

بىر نەچچىلەپ ئۇيغۇر ژىگىتلەر
كىرگەن شۇ ئىنستىتۇس قىلىپ .
«ياق»، بالا كۆپ، ۋاقىتمۇ ئۆتتى،
جاۋاپ بەرگەن ئىشىكنى يېپىپ .

خىتاي شوجاڭ خىتاي بالىغا،
«بۇشاڭ» دېمەي دەررۇ «خو»[1] دېدى .
بۇمۇ ئۇيغۇر مەزلۇملىرىنى،
تەمسال شۇ، ھەممە ئويلىدى .

تېخى شۇ لى[2] يەكگەنلى كەلگەن،
«ئەدالەت»، دەپ ئېرىلگە نىلەردىن .
گوكسەنياكىن ئۇيغۇرستانغا،
«رەھىم قىلىپ» بېرىلگەنلەردىن .

مەرە جايلىشىپ دەرسلىكمۇ كىردى،
تاتلىق ھېساپ، كېيىن خىتايچە .
جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت،
دەرس دەستۇرى خۇددى تاشكەنتچە .

ئوقۇتقۇچى — ئۇستازلىرىمىز،
ئەكسەرىيەت تاشكەنتچى[3] ئىدى .
دەرسلىكلەرمۇ كۆپى تاشكەنتتىن،
تەييارلانغان، بېسىلغان ئىدى .

مەلۇمكى شۇ چوڭ ياردەم ئالغان،
شوراغا كەلگ يول ئاچقان ئىدى .
ئۆزى يۈز نەپەر بالا چىقىرىپ،
تاشكەنت ... لەردە ئوقۇتقان ئىدى .

---

1) خو — ياخشى .
2) لى — لى شوجاڭ — مەكتەپ مۇدىرى .
3) تاشكەنتچى — تاشكەنتتىن ئوقۇپ بارغانلارنى شۇنداق دېيىشەتتى .

## يەنە قىرغىن زۇلمەتلىك كۈنلەر

ئوتتۇز يەتتە ئىلدا چوڭ دەھشەت،
باشلىنىپ، بۇ يەر ئاز توختالغان.
ئەركىن ئوچۇق گۇزەشتىلەردىن،
كەتكۈنلەرى شۇنچە ئۆچىنى ئالغان.

ئارىدا بۇ قاماش، ئۆلتۈرۈش،
ئىككى ئىلچە سەللە بوشاشتى.
كېيىن يەنە - قىرغىنچى ئىل،
بۇ باغۇزلۇق ھەددىدىن ئاشتى.

ئەنە شۇ شائىر يازغۇچىلەرنى،
ئوقۇتقۇچى، تاشانچىنى، نىمو.
كىتابى ئاتلىق، فەلسەفىل بولسا،
قويماي ئاتتى قىزمەتچىسىنى.

ھەممە يىغمۇ دەھشەت باسقانىدى،
تىنچ، تىنچ ئادەم ئوغۇزلىناتتى.
مەھبىسى ساقچى راست ئۇغرى ئىدى،
تۇتۇپ لەتتىپ، يوق، دەپ تاناتتى.

بۇ سىرنى تەسىر ئىدى ھالىمىز،
تاماق ناچار، بەك ئېغىر تۇرمۇش.
يىمەك بەقەت ئىككى قېتىملا،
تاشقا چاي، نان، كەچ سۇيقاش، گۈرۈچ.

بولى بارلار ئىلىپ يەرىشى،
يوق، ئىلاجسىز چىداپ ياشايتى.
"ھەيلى" دەيتتىم چىدايمەن ئەلۋەت،
ئوقۇتقۇسى سالام بەرمەس، يىتە رتاقەت.

ئوقۇغۇچىلارنى بىلەن ئىشتىياق بىلەن،
ئىغىزلىقنى يەنە قىلاتتۇق.
بولغىنىمۇ ھەددى زوقى شوق بىلەن،
دەرس قىلاتتىم دەيتتىم "بۇ ئوتتۇق!"

شۇ چاغلاردا تاشكەنت شەھىرى،
بېسىلاتتى ئۆزبېكچە كىتاب.
ئۆزبېك تىلى، ئەدەبىياتلار،
ئەۋەتىلگەن بىزگە بىھېساب.

ئۆزبېكلەردىن مەشھۇر شائىرلار،
تۇردى ھەسەن، نۇر ئىسرائىللار.
مۇھەممەدىي - ھېبرىي ئىسكەندەر،
ئېجات قىلغان شېئىر - داستانلار.

"گۈلۈستان"، "سەلكى ئالتۇن تومىرى"،
ۋەتەن، زۆتنىڭ دەردىگە زىغلار.
مەن يېنىمغا ئېلىپ زۆرەتتىم،
سۆيۈپ ئوقۇپ، دەم ئېلىش چاغلار.

شۇ ژىللىرى - قىرغىن ژىللىرى،
بۇ جانلار زىغا تەككەنىدى غايەت.
نامى چىققان شائىرلىرىمىز،
خازان بولدى كوردۇق تەلايات.

چولپان، پىترەت، قادىر يېلھوردەك،
ئۇغلانلارنى قىرغان ستالىن.
خۇنچە ئۆزبېك ئەدىبلىرىمىز،
خازان قىلغان ئىسى ئىقبالسىن.

گېمنازىيە تەلەبىلىرى،
ئاڭلاپ سەنىي ئۆسىۋنگەن شۇۋق.
بىز قىرغىنىدىن دەھشەتنى بىز،
ئوكاسىرىمۇ تېتىرغان شۇۋق.

قوتلۇق شەۋقىي، نىياز ئىسھاقى،
خەلىل سەتتارى، ئېيۇپ مەنسۇردەك.
ئۆزبېكىستان ئەدىبلىرىمۇ،
شۇ ژىللىرى تومۇزلى بىردەك.

× × ×

# ئەدەبىياتقا قىزىقىش

شۇ زاماندا مەنمۇ بىر ئاز،
شائىرلىققا ھەۋەس ئويغانغان.
تونجى مەشىق شېئىرلىرىمنى،
گېزىتلاردا ئېلان قىلغان.

مەندە كۈچلۈك ئوقۇش، ئىشتىياق،
تونجى شېئىرىم «ئوقۇش دەۋرى» دى.
بۇنى ئوتتۇز سەككىزىنچى يىل،
ئېلان قىلدى «شىنجاڭ گېزىتى».

بۇ ئەلۋەتتە كۆتەردى روھىمنى،
شەھىت شائىر ئىدى ئۇستازىم.
ئوقۇپ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى،
چاقىراتتىم شېئىرى ئىلھامىم.

بىر كۈنى بىزگە شېئىر ھەققىدە،
ئۆگەتكەنى مەرۇپ سەئىدىيا.
ئۇنىڭ شېئىرى «ئەتىياز بەسلى»،
ئۈلگىمىزگە داتىغى كەتكەنى.

«ئەتىسى تىنى - يېزىتالار - دەۋتىن، -
ئەتىكەتكە دىللار يېقىنسۇر.
قۇلاق سېلىڭ خەلق سۆزىگە،
خەلق دەريا، جوشقۇن ئېقىنسۇر...»

بۇ ۋەسىيەت بوپ قالدى بىزگە،
يادلاپ زوردۇقا دوستلار كۆپ زامان.
كۆپ ياخشىنى ئىشلىگىنى سەي قىردى،
بەلكى ئازى قالغانلار ئامان.

«ۋەسىيەت» ئەسلەپ بىر شېئىر يازدىم،
نەۋباھاردا قىزىقىنچ زىل.
مەدھىلىسەم دېخاننى، ئىشچىنى،
قويۇلدى نام «دېخان قولى گۈل»

شېئىرلاردا ئاراسىتا تى،
ئارا - ئارا زامانىسازلىق.
«ئاللە شۇئار»، «داھى»، «دىگەنلەر»،
ئىلاجسىز سىياسەتۋازلىق.

ئەشۇ گۈللەر دىيارىمىزدا،
غۇنچە، شاخ، ئەدىبلەر چىقتى
شەھىت، ساۋۇت داموللاملارنى،
يادلاپ موللا خاتىپلار چىقتى.

لۇتپۇللادەك «قاينام ئۇرگەشلەر»،
ئۇنۇتمە دوستى بىلال ئەزىزى.
خەلىل سەيتار ۋە نىم شەھىتلەر،
يەنە ئۇتكۈر، پولات قادىرى.

چىقتى ئەدىب ۋە مۇسەۋۋىرلەر،
بۇنداق ئۇسۇش ئىشلىغا ياقمىسى،
يەنە تولدى زىندان، تۈرمىلەر،
دۇنيا بىزگە قىيا باقمىسى.

زىندانلاردىن چاللاشىلك دارى،
«قوبۇل قىلار» بارلىق ۋىجدانى.
ئاسارە، چاپار، ۋەھشىي قانخورلار،
بۇ قۇربانلار يۈز مىڭلاپ سانى.

قىرىق بىرنىڭ يازى ئايلىرىدا،
ئوقۇشىمىز تاماملانغانىدى.
بىز خىزمەتكە تەيىنلەنگەندە ئۇنە،
شوراغا فاشىست ھۇجۇم قىلغانىدى.

قولغا ئېلىپ شاھادەتنامە،
ھەر تەرەپكە ئاتلانغۇق بىزلەر.
نىمىشقىدۇر ئەنەسى ئويلىسام،
ئارىمىزدا يوق ئىسى قىزلار.

مەن چوچەككە باردىم خوش بولۇپ،
ماتارىيەمۇ خوش قارشى ئالىدى.
«سەن بەشىنچى ئوتتا مەكتەپكە
ئەخلاق مۇدىرى بولىسەن» دىدى.

چوچەك شەھىرى شىمال چەتارا،
توقۇشۇدۇ قازاق يىرىگە.
كوردۇم نۇبلا تورۇدۇ بەختى،
ئەسلى يېقىن ئېلى-ئېلىگە.

ھاشىرمىنىڭ ھوجۇمىن ئاڭلاپ،
غەزەپلەنگەن ئىدى خەلقىمىز.
خوشنا قازاق، ئۆزبەك، قىرغىزمۇ،
ئوخشاش دەيمىز تۇرمۇش تەرزىمىز.

تۇرمۇ بولدى ئىشنى باشلىسا،
مەكتەپ ۋاڭ - چوڭ كوتۇللۇك ئىدى
ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، ئۆزبەكنىڭ،
پەرزەنتلىرى بىللە ئوقۇيتتى.

شەھەر ئەسلى چىن بەينەلمىلەل،
مىللەت ئارىسى زادى بولمىغان.
تىل، دىنى بىر تۈركىي خەلقلەر،
ئارىسىغا ھېچ چەك قويمىغان.

«ئورتاق تىل» دەپ تىلى بار ئىدى،
ھەممىسىلا شۇ تىل يار ئىدى.
توي، مەرىكە ياشلىق تونۇرلىرى،
بىر-بىرىگە مەدەتكار ئىدى.

چوڭ تويلاردا ناخشىغا ئۇلىنىپ،
ئەشۇلىگە جىر قوشۇلاتتى.
ئۇمۇ، بۇمۇ خوشال ھەممىسى،
قول تۇتۇشۇپ خوپ ئوينىشاتتى.

قەشقەرىيالى غۇلجىلىق كەلگەن،
كۆپ مېھمانلار ھەيران قالاتتى.
چىن دوستلۇقنى كۆرۈپ، جوشۇنۇپ،
«بارىكاللا!» چاۋاك چالاتتى.

لېكىن ھەممە مەھكۇملار دىنداشۇر،
ئىش بېشىدا خىتاي - ھاكىمدۇر.
مەھكۇم خەلق بەك ئىناق ئىدى،
ھېسابسىز، موڭغۇلىش قېرىنداشلاردۇر.

مەنمۇ ئىناق بۇ ئائىلىدە،
بالىلارغا تەلىم بېرەتتىم.
ئارا-ئارا شېئىرلار يېزىپ،
گېزىتلەرگە بېرىپ تۇراتتىم.

شېئىرىڭگە مەن ئىمزا قويۇشتا،
«زوقمەن» دېگەن تەخەللۇس تاپقان.
بىلىمگە ۋە ئەدەبىياتقا،
زوقمەنلىكىم شۇ يولنى ئاچقان.

ۋىلايەتلىك گېزىت بېتىدە،
شېئىرلىرىم پات-پات چىقاتتى.
ئىسمىم روھىم جانلىنىپ ئۇسۇپ،
يۈكسەكلىككە يولنى ئاچاتتى.

كۆپ ئۆتمەيلا مېنى تەھرىرات،
تەكلىپ قىلدى مەن ئىشقا باردىم.
ۋىلايەتلىك گېزىت خانىدا،
ئىشىم شۇ ئەدەبىي خادىم.

بەك تار ئىدى زىيالىيلارغا،
پائالىيەت دائىرىلىرى.
«مەدەنىيەت» ئۆيۈشمىلىرى،
ۋە سەنائىي نەپىسلىرى.

ئىدارىلار ۋە ئىشخانىلار،
پەقەت خىتاي «ئاتالار»غا خاس.
تىل خىتايچە، ئىشقۇ خىتايچە،
بىزگە پەقەت مىللىي مەكتەپ خاس.

سودىگەرلىك (يولى بارلىرى)
دېھقانچىلىق (يېرى بارلىرى)
قىلىشاتتى (ئەمما كۆپ ئىشسىز)
ئەرزان ئىشلەمچى مەدىكارلىرى.

مەن ھەر كۈنى قاتنىشىپ تۇردۇم،
شۇ سەنائىي نەپىسىگىمۇ.
باش روللىنى ئوينىغانىدىم،
«غېرىب-سەنەم» سەھنىسىدىمۇ.

قەلەم بىر ئاز «تۇرغۇنلۇق» بولدى،
يازدىم شېئىر، ھېكايىلارنى.
تېپىپ ئاستا ئۆزگۈرۈپ كۆردۈم،
سەل تەڭقاراق درامىلارنى.

مىڭ توققۇز يۈز قىرىق تۆتىنچى
ئىيۇلدا يازدىم ئىككى پىيەسسە .
"باتۇر سىتىللار"، گىمنازىيىگە ،
"ھەق يول تاپقان قىز"، كەسپىي مەكتەپكە .

بىرى نەسرىي، بىرى نەزمىي ،
يېزىلغانىدى بۇ درامىلار .
قويۇلغانىدى ئۈچ - تۆت قېتىمدىن ،
گىمنازىستلار، ھۈنەرۋەن قىزلار .

يېزىلغانىدى بۇلار نىقابلىق ،
گويا ياپونغا قارشى ئازاتلىق .
ھە، ئەسلىدە بىزنىڭ خەلقنىڭ ،
كۈرىشىنى چۈشەنىدى خەلق .

خەيرىخاھىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى ،
دۇبەن[1] بىلىپ تېز تەستىقلىدى ،
پىكىر قوشتى فۇزايىل مەخسۇم[2]
دوست جەۋدەتمۇ[3] دىلىنى ياقلىدى .

يېنىش - يېنىش ئوينالدى ئەسەر ،
ياخشى ئىنسانلا چۈشەنىدى مەزمۇن .
"يەرتېگىسىن"، قىلىپ تەبەسسۇم ،
تەبرىكلەشتى بولۇشۇپ مەمنۇن .

شۇ چاغلاردا خەلقتە ئۈستۈنە ،
ئىدى كۈرەش روھى - تۇيغۇسى .
ئازاتلىققا تەشنا بۇ جانلار ،
تەييار ئىدى جەڭگە بولغۇسى .

---

1) دۇبەن - شۇ چاغدا پارتىيەدە مەسئۇل تەرجىمان .
2) فۇزايىل مەخسۇم - پېشقەدەم ئالىم، ئۇ ئالدىن ئەسەرنى كۆرۈپ، پىكىرلەر بەرگەن ئىدى .
3) جەۋدەت - كەسپىي مەكتەپ مەسئۇلى . پىيەسسىنى قويۇشقا جانبازلىق كۆرسەتكەن .

## جاللاتنىڭ ئىككى يۈزى

نىمىس فاشىست كۈچەيگەن چاغدا،
شىلىڭمۇ يۈزىنى تەتۈر ئورىسى.
شورالارغا نەپرەت بىلدۈرۈپ،
جاڭگە يېشىدىن مەدەت سورىسى.

شورانى ئۇ تەقىپلە ئالدى،
ئوچۇق نەپرەت، لەنەت بىلدۈرۈپ.
ستالىننىڭ جاللادى بۇ شىلىڭ،
"خەلقچىلمەن" دەتتى كۈلدۈرۈپ.

شىلىڭ ئۇزى بۇ قىرىق ئىككىنىش،
شورالارنىڭ ئىزىنى زۆدى.
قىلغان ھەممە گۇناھلىرىنى،
كومونىزىم ئۈستىگە قويدى.

ئۇلكىمىزدە زالىملىقىنى،
ئاشۇرغانىدى يەنە بۇ ئەبلەخ.
ئۇزى كەتتى زىنانا قالدى،
مىڭلاپ ئىنسان قامالغان ناھەق.

ياق، ئۇ ئۇزى قورقۇق كەتمىدى،
ئېلىپ كەتتى خەلق تەركىنى.
ئۇن ماشىنا ئالتۇننى ئالدى،
قىممەت ساتتى ئۆلكە تەركىنى.

شىلىڭ كەتمەيلە كەلدى ئورنىغا،
ئوچۇق شىلىڭ دەپ ئاتالغان خىتاي.
ئۇمۇ زالىم مۇستەملىكىچى،
جاھىل بېسى، مەككارلىقتا باي.

ستالىنغا ئۇز جاللادىنى،
تىنچ تەگىشى ياقمىسى ئەلۋەت.
ئۇلكىمىزدىن قورقۇق قىلىشمۇ،
ئېغىر كەلدى، ئۇ كۈتتى بىر پەيت.

سەددىچىنى ئېچىدىن دايىم،
ئۆتمىزغا خىتاي كىلەتتى.
شەھەر، يېزا مۇتىھەملەرگە،
ئۇنى يالارغا تولۇپ كېتەتتى.

تۇرمۇش ئېغىر ئاكەمبىغەللەر كۆپ،
مىللىي بايلار تۈگۈتۈلگەندى.
ھەممە موھتاج، ئېغىر باج-خىراج،
بويسۇنۇشقا ئۆگۈتۈلگەندى.

## ئويغۇنۇش — قوزغۇلۇش

ھەر نەسىلدىن بىر چىچەكى بارغۇ،
چەكتىن ئاشسا قىنغا پاتامدۇ؟
زۇلۇم چەكتىن ئاشتى ئۆكتىك،
خەلق يەنە تىنچ ياتامدۇ؟

قەشقەر دىنمۇ، ئاقسۇ، ئالتايدىن،
كۆتۈرۈلدى خەلق ھەر ياندىن.
تەلەپ قىلىپ ئەركىنى خىتايدىن،
ئىلى-نىلقا، ھە، ئولاستايدىن.

بۇنى كۆتكەن ستالىنچىلار،
يەيتنى بىلىپ ئىشنى باشلىدى.
رادىئوسى، مەتبۇئاتىمۇ،
«ئۇيغۇرۇم» دەپ كوزنى ياشلىدى.

قىرىق ئۇچىنچى ئاخىرلىرى،
تاشكەنت نەشر قىلدى ئاينامە،
ئونۇڭ نامى «شەرق ھەقىقىتى»
بۇرۇتمىزغا باردى خۇپيانە.

ماقالىلار ئۇيغۇر خەلقىدىن،
تارىخىي مەدھىيەلىك سۆزلەر.
«سەنئىيە دۆلىتى ئۇيغۇر —
مۇستەقىل — دەر، قاراخانىلار...

ئايلىق ژۇرنال «شەرق ھەقىقىتى»،
بەدۆلەتنى يازدى مەدھىيلەپ.
ئىسپارخانە ۋە نازۇگۇمىشمۇ،
دەست كۆتەردى، راسا قەدىرلەپ.

ئۇيغۇر تاتى بىزنى ئاينامە،
دەيتى «ئەركىنلىكى كەلمەس كۆرەشسىز».
جۇشتى يازار: «يولتۇز ئىلىگە
سىز ئاي كەبى مېھمان بولامسىز؟»

خەلقىمىزغا ياقاتتى ئۇلار،
بو نىشىمىزمۇ ئۇيغانغان ئۇلار.
ئەمما «ياردەم بەرسە يانسا،» —
دەيتى، — «جەڭگە چوڭ مەدەت بولار».

غېنى باتۇر، ئەكبەر، فاتىخلار،
ئىلقىشى چوڭ غەلىبە قىلدى.
شۆنشان كىيىن شورا يېرىسىن،
قۇرال ياراق ياردەم كەلدى.

خوتلىبنى تىز ئازات قىلىشتا،
بۇ ياردەملەر يەنە كويەيدى.
كۆرەشچى — جەڭگە ھەممە قوزغۇلۇپ،
ئۇيغۇرستان بويلاپ كۆچەيدى.

بۇ دىياردا تۇرسىلا رياشار،
ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبەك باشقىلار.
جەڭگە كىردى قوللىنى قول بىرىپ،
قىرغىز، تاتار، موڭغۇل، تۇنگانلار.

× × ×

# ئازاتلىق خۇشلۇقى

قىرىق تۆرتتە نويابىر ئايى،
قۇرۇلغانىدى شەرقىي تۈركىستان[1]،
رەئىس جۇمھۇر ئېلىخان تۆرە،
خىبنى باتۇر داڭلىق قەھرىمان.

ھەممە خۇشال يۈكسەك روھلانغان،
تەييار ئىدى كۈرەشكە - جەڭگە.
ئاتلىقىمۇ، پىيادىسىمۇ،
ئېقىپ كېلەر ئېسىل ۋەتەنگە.

دەرتمەن خەلق جەڭ قىلدى قانلىق،
بۈگۈن ۋەتەن ئازات بولسۇن دەپ.
باسقۇنچىلار چېرىكلىرىنىڭ،
بېلى سۇنۇپ زاۋال تاپسۇن دەپ.

ئۇيغۇرستان - شەرقىي تۈركىستان،
كۆپ مەنى بار، مەزمۇن بار بۇندا.
بۇ تۇرانىڭ شەرقى بولغاچقا،
ماكان تۇتقان ئۇيغۇرلار بۇندا.

تۈركىستاننىڭ شەرقىي ئۇيغۇر،
غەربىي كۆپ - ئۆزبەك، تۈركمەن.
قازاق، قىرغىز باشقا تۈركىلەر،
ھەممىگە چوڭ تۈركىستان ۋەتەن.

قىرىق بەشنىڭ ئېيۇل ئايلىرى،
ئازات بولدى جۇڭگو خىتايدىن.
بەختىيار خەلق كۆز ئۈزەلمەتتى،
بايراقتىكى يۇلتۇز ۋە ئايدىن.

ھەممە ئىنسان كوچىغا چىققان،
كۆزلىرىدە خۇشاللىق ياشلار.
شۇنداق ئەركىن، ئازات بولۇشنى،
ئاز كۈتمىگەن بۇ جاپاكەشلەر.

---

1) شەرقىي تۈركىستان - شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دە

بىز بىر تۇرگۇم ياشلار بىرلىشىپ،
قولغا ئالدۇق گېزىتخانىنى.
مەتبەئەچى زىنگىشلىرىمىز،
ئىشقا سالدى باسمىخانىنى.

«بىسمىللا...» دەپ ئىشنى باشلىدۇق،
يېزىپ باستۇق تەبرىك ۋەرەقە.
«ئەزىز خەلقىم، تۇرەش داۋاسلىق —
ئىلھام بەرسۇن قۇتلۇق غەلەبە!..»

كۆپ ئۇتمەستىن ھەرھەمەت قىلدى،
بۇ شەھەرگە رەئىس جۇ بىجۇزسۇ.
بىللە كەلدى بىر نەچچە ۋەزىر،
ياردەمچى ۋە «مەسلىھەتچىمىز»(1)

ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت تۈزدى،
ئەركىن مىللىي تۈزۈمىنى قۇردى.
چەكسىز خوشال يەرلىك تۈرلۈك خەلق،
ئەندى ۋۇجۇتنى ئۈزلىرى سوردى.

ھەممە يىيا ئىشقا ۋە جەڭگە،
كورسەتكى كىممىنى جولى تەشەببۇسكار.
ھەرت ئوغلانلار تەكبىر ئېيتقانىدا،
تىنماي قاچتى باسقۇنچى ئەبگار.

ۋىلايەتتە ئەركىن گېزىتمۇ،
پەرۋاز قىلدى ئۇتمەي ئۈچ كۈن.
نامى بولدى «خەلق ئاۋازى»
خوش خەۋەرلەر تارقاتتى ھەر كۈن.

رەئىس، ۋەزىر كەلگەنلىرىنى،
كەمىنىمۇ تەكلىپ قىلىندى.
«بۇ گېزىتكە مەسئۇل موھەررىر
بولسەڭ!» دەپ تەستىق قىلىندى.

---

1) مەسلىھەتچى — سوۋېت ئىنقىلابى كونلىرى ياردەمگە
كەلگەن ئەزىيالىلار.

ئىشقىۋازدىم، كېلىن بىلىم كام،
كادىرمۇ كام بولغىنىدىك ھەممىدىم.
ئۆزىنى، مۇنىنى ئىزلەپ، چاقىرىپ،
جەملىسىم ئاز ساھىبى قەلەم.

قىزغىن ئىشى ئىنقىلاپ تونلەر،
ئىشلە يېتىشتۇق بىز تونسىز ۋە تونلەر،
ھەممە ئىشتا، ئۆزىڭ قىزىقماس،
ھەجەپ تاتلىق ئىشى ئۆز تونلەر...

تېزىست چىقارغەر كۆزە تاڭ بىلەن،
خەلق دىلى — «خەلق ئاۋازى»،
خەۋەرلەر كوپ چەك مەيدانىدىن،
ئەمما تىنىمۇ ھەممە دىل رازى.

x x x

ئەرلىك ئالغان چوچەكتىن كېيىن،
جىلگە، شىخومۇ قىلىنىشى ئازات.
قوبۇق-ساقۇر، ئالتاي ۋىلايىت،
كۆپ ئۆتمەيلا بولىدى ھۆر-ئاۋات.

ھەممە روھلۇق ۋەتەن يادىدا،
بىر-بىرىگە سىرچ باھا خۇشخۇيى.
ئاتاشىدۇ جەڭ مەيدانىدا،
تەبىر بىلەن، خۇشال، خۇددى توي.

گوسىنا ئېشاچ ماختانچاقلىرى،
زابىتلىرى چېرىكلىرىمۇ.
قاچتى تاشلاپ يېزا، شەھىرىنى،
ئۆلۈپ بولىدى تىرتاشلىرىمۇ.

ئىلى، ئالتاي ۋە تارباغاتاي،
ئۈچ ۋىلايەت ئازات بولغانىدى.
بىزنىڭ قوشۇن ماناس بويىدا،
شۇندا دۈشمەن ئىگراپ تولغانىدى.

يۈكسەك رۇھتا جەڭچى ئوغلانلار،
"ئەنە ھۇجۇم مەركەزگە!" دەيتى.
بىر يۈز ئوتتۇز كىلومېتىر يول،
ئۇرۇشچىغا دەرھال يېتەتتى.

بۇناق خەلق يېتىلەمسۇ ھېچ،
ئۇنىڭ يولىن توسالايدۇ كىم؟
ھە، ھەقىقەت شۇنداق بولدى،
دۈشمەن چوچىپ تىلىدى بىتىم.

شۇ يەردە مەن بىر ئاز جىمىسىپ،
ئۆز ھالىمنى قەلەم تەۋرىتەي.
تاڭ ئاتتى دەپ شىشەڭگەلە كۈنلەر،
شادلىقىمنى بىر زەررە يۈتەي.

يېتىشكەنلىك ئارزۇغا خەلقىم،
ھېس قىلغانىدى ئازات بولغاندا،
ھاكىمىيەت ئۆز قوللىرىدا،
سۆزلىشەتتى ئۆز تىللىرىدا.

ھايىغىنمۇ، تاۋالىغىنمۇ،
تۇغى كىرەر جارچى، دېھقان.
ئەرزى ئىپتىنسا دادىغا يېتەر،
جۇڭگولۇق بىر تىل، بىر دىل ۋە بىر قان.

چوچەك ئازات بولۇپ بىر كۈنى،
كەلدى بۇندا ئىپتىخار نۇرى.
زېمىن بولدى شەھەر بىغىشا،
شاتلىق كىشى تۇراتتى ئۆرە.

ھۆكىرەپ زىلزىلاپ ئاۋاز قوشاتتى،
[illegible]
دېگەنلەر تۇرۇپ بولدى بىخالاك.

يازدۇراتتى مەيدانغا ياردەم،
يۈزلەپ قويلار، كالا ۋە ئاتلار.
دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ھەممە،
تىلەر «دۈشمەن يوقالسۇن ياتلار!»

شۇ ئازاتلىق كۈنلىرىدە مەن،
بەك روھلىنىپ قىلاتتىم ئىجات.
بۇ بىلىمسىزلىك ماقاللارنى،
شېئىرىمدا ئىزلىسەم نىجات.

بۇ ئازاتلىق كۈرەشلىرىدىن،
ئۆنۈۋاتقان چىرىك كاللىسىن.
مەنمۇ خۇشال، ئىلھاملار ئېلىپ،
يازدىم خەلقىم ئىستەكلىرىسىن.

يازدىم خەلقىم خۇشاللىقىنى،
باسقۇنچىلىق ئۇساللىقىنى.
مەرت ئەزگۈلەرگە قاقاقلىقىنى،
خىتاي قويۇپ قاچقانلىقىنى.

شۇ جاڭگىۋار كۈنلەر ئىلھامى،
شېئىرلىرىم بىر-بىر ۋاراقلاي.
بۇ «يادنامەم» سەھىپىسىگە،
نەمۇنىلەر يېزىپ قالدۇراي.

## بەيرەم شەرىپىگە

جانجان شەھرى ياشىسۇن، خەلقىم ھەجەپ خۇشخۇر بۈگۈن،
كۆڭلى بەك شوخ تەنتەنەلىك، مىسلى ئۇچار قۇش بۈگۈن.
كۆكسىگە گۈللەر تاقىشىپ، ھەممە سەيلە ئەتكىلى دۇر،
ئەركىن قۇشلارى بىلەن كۆكلەرنى تىترەتكىلى دۇر.
ئەنە مەيدانغا قاراڭ! تولغۇزۇپ ئۇزار خەلق دېڭىزى،
زوق بىلەن ھەم شوخ بىلەن بەيرەم ياسار ئوغۇل-قىزى.
جەڭچىلەر سەپ-سەپ بولۇپ، غالىبىيەت كۆرۈك ياسار،
شان ئىلىم بەيرەمىگە ئۇزلار ساچىپ گۈللەر تاسار...
ياشنا خەلقىم، ياشنىغىن، كۆڭلۈڭ يوق زەررە تۇمان،
قان تۆكۈپ يەتتىڭ بۈگۈن ئۇس ئەبەد قىلما گۇمان.
كۆپ زامانلار قاخشىغان نازۇك دىلىڭ ئەمدى ئازات،
بەس ئەمدى تورىنى قىل، ھەق ئۇچۇن، ئۇنۇتما بىز دائىم ئازات.
ئەي سابا جانانغا ئېيت، بۇ ھۆر دىيارىمدىن سالام،
ۋە سۇنغىن يەتتەك تىلەر، زوقمەن، دېگەن بەرچىن سالام!

---

1) «خەلق ئاۋازى» گېزىتى. 1946-يىل 30-ئىيول، چۆچەك شەھرى.

شۇرا مەضمۇنى ئادەملەرسەن،
بىرى بولدى مۇئاۋىن ۋالىي.
ئۇ بىز ئۇيغۇر مەسئۇللەرسەن،
گۇمانسىراپ تىترەتتى ھالى.

[illegible] ماڭا تاپشۇردى بىر ئىش،
ئىشقۇ ئەمەس ماقالە يېزىش.
ماقالىدا بىر مۇتەۋەرنى،
تەنقىت قىلىش، تەھقىرمۇ ئىش...

ئەلۋەتتە مەن يازمىسام بۇنى،
دىللىرى ئاساسسىز ئىشى.
شۇرا ياكى ئۆزىگە ياقماس،
بىچارىسىنى خارلىماقچىسى.

چاقىرغۇزدى كۈنلەر ئۆتكەندە،
كىرىپ باردىم - سوراق قىلىنىم.
«مەخسەتكىز نىمە، ئېيتىڭا؟
دەپ دوق قىلدى مەن ئۈنچۇقمىسام.

يەقەت ئېيتتىم: «ئاساس تاپىسام،
يازالمىسام قىساس تاپىسام.
ئۆتكەنلىپ جاۋابىنى تاپتىم،
«مەخسەت» ناملىق شېئىرنى يازدىم

## مەخسەت

مەخسەت دېمەك خەلقىم دېمەك، خەلقىم ئۈچۈن قۇل بولۇپ كېتەي،
مەخسەت ئۈچۈن يورۇشلاردا مەيلى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتەي.
مەخسەت شۇنداق دوستلار بىلىڭ، خەلقىم ئۈچۈن جانىنى بېرىش،
مەيلى تۈرمە، قارلىق بوران دوزاخ كەلسىمۇ قايتماي يېڭىش.
مەخسەت ئۇلۇغ دەر تەسەددۇق، خەلقىم ئۈچۈن ئەزىز جېنىم،
خەلقىم هايات - مەنمۇ هايات، خەلقىم ئۈچۈن ئاقسۇن قېنىم.
مەخسەت ۋەتەن بولسا ئازات، قۇچسا خەلقىم هۆررىيات،
كۆرەش بىلەن سۆلگەنلەرنى، چاپانلارنى قىلسام سامات.
مەخسەت بېغىم بوستانىغا يېڭى - يېڭى گۈللەر تېرىش،
ئۈنۈپ قالغان، ئۈنمەك بولغان تىكەنلەرنى تامام چېپىش.
مەخسەت خەلقىم بىلەن باغدا ئەركىن ئويناپ تىنماي ئۆسۈش،
ئېچىپ كۆزنى خەقچىللەرگە كۆرۈش، شۇنداق جەسۇر يۈرۈش.
مەخسەت يېڭى گۈلزارىغا قوزغۇنلارنى قونغۇزماسلىق،
تامام كۆلسۈرۈپ خەلقىمنى ئەبەدكە ئاھ تارتقۇزماسلىق.
مەخسەت دېسەم بار ۋۇجۇدۇم غەيرەت ئېلىپ چىقار سەدا،
بۇ يۈرەك بىر ۋە ئەبەدە شۇنى: «ئىشلە، مەخسەت بولسۇن ئەدا!»
مەخسەت ئۈچۈن تىنىم بىلەن، جېنىم، قېنىم داتىم بىلە،
ئايا «زوقىمەن» ئوروتلارنىسۇن ۋەدەڭ - كۆرەش، قايتما، چىدا! 1)

شىشگىر چىقتى گېزىت بېتىگە،
مەزكۇر سوراق ئەتىسىگە.
«رەهبەر» كۆرۈپ چۈشىنىپ قاپتۇ،
بىلسە ئۇ رەسسام تىرىشتى ئەمما.

شۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇراتتى،
بىزنىڭ چىلىك ئۆتۈپ تۇراتتى،
قىزىق - قىزىق ماقالە چىقسا،
ئاپرىيىمۇ ئېچىلىپ تۇراتتى.

1) «ئەدەبىيات تاتى» شېئىرلار توپلىمى. چۆچەك شەهرى. 1948-يىل.

## دوستلۇق شەھرى ۋە «ئورتا تىل»

چوچەك شەھرى تارباغاتايدا،
ۋىلايەتكە مەركەز شەھەر دۇر.
ئاھالىسى ئۇنىڭ ئاساسەن،
ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبەك، تاتار دۇر.

باشقىلارمۇ ياشايتى ئەلۋەت،
خىتاي، تۇڭگان كەبى ئاز مىللەت.
ئاھالىسىنىڭ سانى ئوتتۇز مىڭ،
مىللەتلەر دوست بۇ چىن ھەقىقەت.

چوچەكلىكلەرنىڭ «ئورتا تىلى» بار،
بۇ تىل ھەممە خەلقلەرگە يار.
ئۇيغۇر، ئۆزبەك، قازاق، تاتارنىڭ،
بۇ تىلىنىڭ ئۆز «ۋەكىللىرى» بار.

«ئورتا تىل»دە گېزىت چىقىدۇ،
ھەممە ئېلىپ ئوقۇيدۇ بىردەك.
رادىئوسىمۇ، تېلېۋىزورىمۇ،
جاراڭلايدۇ شۇ «تىل» بولۇپلا.

«سەن قازاقمۇ؟» ياكى «ئۇيغۇر؟»،
— «ئۆزبەكمۇ سەن» ياكى «تاتارمۇ؟»،
بۇنداق سوراق سورىماستىن ھېچ بىر،
بۇ راست تەڭلىك — يامىنى بارمۇ؟

چۈشىنەتتى بىرى-بىرىنى،
ئىزلەيتتى زادى كىرىنى.
بۇ چوچەكلىكنىڭ ئاجايىپ خۇلقى،
ئېيتىپ قويدۇم ئۆزۈمنىڭ «سىرى»نى.

تەڭ تۇرمۇشتى ئازاتلىقنى دەپ،
تەڭ خوش بولىدۇ ئەرك ئالدۇق دەپ.
قول تۇتۇشۇپ تەڭلا ئىشلەشتى،
ئىستىقلالنى مەھكەملەيمىز دەپ.

لەگمەن، نارىن، بەلىش، بەش بارماق،
ھەممە ئۈچۈن لەززەتلىك تاماق.
توي بولۇپ، مېھمان ماڭسا،
ھەممىسى تەڭ يېمەك - ئاشاماق.

«بۇ سېنىڭ ئەمەس» يا «مېنىڭكى بۇ»،
دېگەندەك گەپنى ئاڭلىمىسۇق بىز.
«پالان مىللەت» يا «پالان يەرلىك»،
دەپ خەلقنى ئايرىمىسۇق بىز.

شۇڭا ھەممە خۇشال ئۆتەتتى،
بىر-بىرىنى ياخشى كۆرەتتى.
قىز بېرەتتى، كېلىن ئالاتتى،
بىر-بىرىگە بەخت تىلەيتتى.

خىزمەتتىمۇ ئىناق ئىشلەشكە،
شۇ «ئورتاق تىل» «بەك ئەسقاتاتتى.
بىلمىگەننى سوراپ ئۆگىنىپ،
ئىلىمگە يەنە چوڭقۇر باتاتتى.

خەلقنىڭ شۇ خىسلەتلىرىنىڭ،
نەتىجىسى دائىم جانلانىدى.
مەيدانىدىمۇ، ئارقا سەپتىمۇ،
چوڭ ئۇتۇقتىن كۆڭۈل شادلانىدى.

ئۇيغۇر، ئۆزبېك يازغان شېئىرنى،
قازاق دەرھال ئەتىسى سالاتتى.
خورغا ھەممە تەڭ قوشۇلغاندا،
تاتار خۇشال گارمۇن چالاتتى.

دومبىرانىڭ «ئارسىيا-يىن»،
تاتار قىزى «جىرقاسا»، ساتۇر.
ئۇيغۇر، ئۆزبېك، غوجام تۇرۇپ قالماي،
خۇشال، خۇررەم بولۇشاتتى جۇر.

تەرسىمۇ ھەممىسى بىردەك،
يەردە قالماس ھېچ بىر جىنازا.
قازا كەلسە بىر مۇسۇلمانغا،
تۆرتسىلە رىناھ بەرگە ھازا.

دوستلار بىللە خۇشال ئولتۇرۇش،
سۆھبەت قۇرۇش ھەر خەلقتە بار.
بۇ جوجەكتە بولغانەي ئادەت،
جەملەشكەنتى مىللىتى چاھار.

ئۆزەم ئۇيغۇر، كۆپ دوستۇم قازاق،
ئۆزبەك، تاتار يەنە باشقىلار.
ئىنتىلىشالىسام، چوڭ بولغانىمۇ،
ماڭا ھەمرا يار بولىدۇ شۇلار.

قازاقلاردىن دۇبەك، قالىبباي،
جۇنىسقالى، جاكىسەنباي، ئەخمەت،
ئۆزبەكلەردىن **ئابدۇرېھىم، ئىسمەت**،
تاتار جەۋدەت، رىفئەت ۋە ئەنۋەر...

دوستلۇرۇمنىڭ ۋەكىللىرى بولار،
ئارىپ، تۇرسۇن، داۋۇت ئۇيغۇردۇر.
بۇنى يازدىم بىلسۇن دەپ نەۋرەم،
دوستلۇق شەھەر خىسلىتى بۇدۇر.

خۇشنا شۇرا يەسلىك قىلغانلار،
ئىشقىلىپقا قەستلىك قىلغانلا.
قازاق بوزلاپ، ئۇيغۇر ئاھ دىسە،
تاتار ئىڭراپ، ئۆزبەك داد دىسە.

ئېغىر كۈنلەر باشقا چۈشكەندە،
بىر-بىرىگە بەردى بەرداشلىق.
خەلقىمىز بار شەرقىي تۈركىستان،
نەمۇنىسى چىن قېرىنداشلىق.

ئۇنۇڭ ئۆتمۈشتىن كەتكەنلىرىمۇ،
باشقا يۇرتقا يەتكەنلىرىمۇ.
يوقاتمىدى شۇ ئىناقلىقنى،
خېرىشلىقنى چەتكەنلىرىمۇ.

شۇ ئىناقلىق، چىن قېرىنداشلىق،
«چۆچەكلىك»، دە ھەمىشەم مەھكەم.
شۇ ئىناقلىق تۈرلۈك ھازىرمۇ،
تاشكەنت، بىشكەك، ئالمۇتاجەم.

چۆچەك راستىن دوستلۇق دىياردۇر،
چىقمىسى ھېچ ئىنسان ھەيبارى.
ياشلىق دەۋرىم ئۆتتى شۇ يەردە،
تەئسىراتىم شۇدۇر تەييارى.

## باسقۇنچىلار تىل تېپىشقاندا

تاڭ سۈزۈلگەن خۇشاللىق خەلقىم،
بۇ ئەركىن بەلك ئۇزاق تۇتتۇق.
قۇرۇلغاندا «شەرقىي تۈركىستان»[1]
ئىشەنگەنىدۇق، دەپ «تاڭغا يەتتۇق».

تاڭنى زۇتتا تولۇق كۆرۈشكە،
دىمەك خەلقىم ئىستىقلالغا.
يەتتۇق دىسەك سۈيىقەست بولدى،
مەزلۇم دىيار ئىستىقبالىغا.

سۈزۈلگەن تاڭ ئاقارماي قالدى،
مەككار يەنە ئاياقنى چالدى.
بويسۇنچىغان رەئىس جومھۇرى،
ئېلىپ قاچتى - ھەممە تاڭ قالدى.

ھەيران كىشىلەر شەرقىي تۈركىستان،
شورىغا بۇ بىر «كويۇن» ئىدى.
«يىتىپ كەلدى»، خىتاي گومىنداڭ،
«كوتۇۋالغىن، بەس، سويۇن» دىدى.

«گومىنداڭ بۇ كومپارتىيەدىن،
ئۆتكەلگەنتى بولسىلەر ئازات.
سىلەر بىلەن سوتسىيالىزم،
قۇرۇپ زۇتنى قىلسىلەر ئاۋات...»

ئىنقىلابتا بىز ئىشەنگەنىدۇق،
ۋەدىسىدىن شورا قايتماس دەپ.
خەلقىمىزنىڭ ئالغان ئەركىنى،
باسقۇنچىغا يەنە ساتماس دەپ.

ھانا ھاللىت چوڭى - لىچىنگى،
ئوخشاش ئىدى ئىككى يۈزلىكى.
خەلقىمىزنىڭ ئەركى ئىقبالىغا،
سۈيىقەستتە تەڭ يۈزسىزلىكى.

---

1) شەرقىي تۈركىستان - شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەناسىدا.

ئۈرۈمچىگە ۋەكىللەر كەلدى،
سۆھبەتتە ۋە بىتىم تۈزۈشكە.
خەلق تىلەر تولۇق ئىستىقلال،
«تاقەت يوق» دەر يەنە چىدىشكە.

ئارىلاشتى شورا كونسۇلى،
گويا بىرگە مەدەتكار بولۇپ.
ئۇن ئىل بۇرۇن يەنە شۇ بولغان،
خەلق دەردى تاشقانىدى تولۇپ.

بىرىم ئىلغا سوزۇلدى سۆھبەت،
جاھىنجىيار جاڭ جىجوڭ[1] سۈربەت.
ئۇنىڭ ھىيلە - مىكرىلىرىگە،
بوش كەلمەدى مەنتىقى ئەخمەت[2]

لېكىن .. شۇنداق بىسىم بارئىدى،
ئەخمەدجانغا قىسىم بارئىدى.
«بىتىم كەلدى،» دېگەن ئاشۇرۇق،
بۇ ۋەكىلنى بەك قىينارئىدى.

شۇنداق قىلىپ غالىپ ئۇرۇشنى،
توختاتقانىدى خۇشنا «ئاكىمىز».
بىتىم تۈزدۈك ئۇنە بىر ساددىلىق،
دوست ئەمەستى ئالىدى - ئاقىمىز.

يەنە غوۋغا تالاش - تارتىشلار،
بىر- بىرىگە كونا ئاتىشلار.
ھىيلىگەردى كونا «خوجايىن»،
كۆپ ئىشنى كوردى بۇ دەرتلىك ياشلار.

ئۈلكىسى بار بىرلىك ھۆكۈمەت،
ئۈچ ۋىلايەت ئايرىم ياشايتتى.
قالغان يەتتە ۋىلايە ئالۋۇردە،
گومىنداڭچى ھەددىن ئاشاتتى.

---

1) جاڭ جىجوڭ - جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتىنىڭ باش ۋەكىلى.
2) ئەخمەت - ئەخمەتجان قاسىمى - شەرقى تۈركىستان باش ۋەكىلى.

ئون بىر بىشىم ئەمگەك ئاشماي،
بىز تەرەپنى خاپا قىلاتتى.
ئەرك تەلەپ جەنۇب خەلقىغە،
سۈستەبسلەر جاپا قىلاتتى.

مەركەزدىكى ۋەكىللىرىمىز،
ھەقنى بەرەدەپ سۆھبەت قىلاتتى.
چوڭ ھىيلىگەر سۈستەملىكىچى،
كۆزنى يۇمۇپ تۆھمەت قىلاتتى.

گومىنداڭچى سۈستەملىكىچى،
ئالتايغا بىر ھۇجۇم قىلىدى.
ئىشغال قىلىپ قىرىق يەتتىدە،
زەربىنى يەپ تېزلا بوشاتتى.

ھىيلە-نەيرەڭ قىلىۋەردى شۇ،
زەربىسىنى ئېلىۋەردى ئۇ.
شەرمەندىسى چىقىپ تۇرسىمۇ،
يۈزسىزلىكىنى قىلىۋەردى ئۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىمىز،
قەشقەر، خوتەن مەزلۇملىرىمىز.
ياۋغا غەزەپ نەپرىتىن ساچار،
شائىر يازغان نەزمىلىرىمىز.

## قەشقەر قىزى

تاڭ شامالىسەن سالام ئاچ ئەي گۈزەل قەشقەر قىزى،
نېمە ئانچە ئاھ ئۇرۇش كۆتەر بېشىڭ قەشقەر قىزى .
يىغلىسىلىڭ كۆپ نالە قىلسىلىڭ، سوردىمۇ «ھالىڭ نىچۈك؟»،
بەس، قوي ئەنسى قورۇق نالەڭ، سۈرت يېشىڭ قەشقەر ق
نېچە ئاي ئىشقىڭ بىلەن يولۇڭغا چىقىپ خىدمەت كۆتمەدە،
ھەرقاچان سۆيگۈنۈش سەن بۇنە ئىشىڭ قەشقەر قىزى .
گەر ئۆزەمىڭ بۆز-قولۇم بوش، جايىم گۈلباغ بولسىمۇ،
تىنچىتمىسى كۆڭلۈمنى ھېچ يالى ئىشقىڭ قەشقەر قىزى
ئەزەلدىنلا ئۆتكەنمىز بىر باغنىڭ جۈپ غۇنچىلىرى،
ياتىمى تاشلىق، كەل ماڭا، قۇرسۇن يېشىڭ قەشقەر قىزى،
كۆرمىسۇڭمۇ دوسلۇرۇڭنى كۆڭلى ئوق، يولى يورۇق،
كەل قوشۇل، ئۆز ياتقا ئات چاقماق تېشىڭ قەشقەر قىزى
ئالدىسى ئۆز كۆپ زامانلار سەن يەنە ئالدانمىغىن،
قوغلا كەتسۇن جايىڭغا، ئەگمە بېشىڭ قەشقەر قىزى،
ئۆز يارىنى يار ئېتمەيسەن سېنىڭ نېمە ھەققى بار؟
شۇم پېشانە يالەچەك ئاتما قېشىڭ قەشقەر قىزى .
ناخشا ئېيتىپ كەل يېنىمغا، ساز چېلىپ قارشى ئالاي،
بېشارەت تۆرەن-تۆرەن سېنى زوقمەنلىك قەشقەر قىزى

---

1) 1946-يىل 3-ئاپرېل. «ئەدەبىيات تالى»، شىئىرلار توپلىمى
چۆچەك شەھىرى .

## ئىتتىپاق ۋە كۈرەش

ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنى بىلەن،
ياشىدى ئۆز يارىغى بىلەن.
لېكىن كۈرەش داۋام قىلاتتى،
ئەكسىيەتچى گومىنداڭ بىلەن.

قەشقەردىمۇ، خوتەن، يەركەندە،
پىچان، توقسۇن، كونا تۇرپاندا،
خەلق تەۋرەپ قوزغۇلۇپ تۇردى
ھەقسىزلىكلەر چەكتىن ئاشقاندا.

"بىتەم — دەيتى — سۈنى تەلەپ قىل!"
ھە، تەلەپنى داۋام قىلاتتۇق.
جاڭ ھىجىيىپ ۋەدە بېرەتتى،
يالغان ئىشى ئۆتۈپ قالاتتۇق.

شۇنىڭدىمۇ خوشىمىز سورا،
"گومىنداڭنى ئۆتۈپ تۇرا"، دېگەندە.
ھىيلىسىگە قىلسەڭ تۇۋا،
يۈزسىز ئىكەن سىياسەت دېگەن.

ئاۋغۇست بېشى قىرىق سەككىز يىلىدا،
تۈزۈلگەن ئىدى تەشكىل ئىتتىپاق.¹
رەئىس ئىدى ئەخمەت قاسىمى،
مەقسەت: بولۇش كۈرەشتە ئىناق.

رەھبەر ئىدى ئەخمەت قاسىمى،
بۆلۈنۈپ ئۆلكە ھۆكۈمەت قىلغانىدى.
ئىنقىلابتا ئېسىل، سوھبەتتە²
ئەقلى بىلەن دالىڭ چىقارغانىدى.

جوجىكلەرمۇ كېلىپ ئەخمەتجان،
ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق قۇردى،
ھەيئەتنى تولۇق تەشكىللەپ،
تەركىبىگە يىغىنمۇ سىردى .

---

1) ئىتتىپاق — ئۆكتەت تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى.
2) سۆھبەت — خىتاي ۋەكىللىرى بىلەن بولغان مۇنازىرە .

بۇنىڭ ئالدىن فـ ئـد پ قۇرۇلغان،[1]
بۇ پارتىيە ئىشى يوشۇرۇن.
تەشەببۇسچى ئىدى ئا. ئاباس،
بۇناق بىرقە بولمىغان بۇرۇن.

تىملو رىنكىۋر بۇيرۇقنى بىلمەي،
قۇرۇلغانىدى ئەشۇ كۈنلەردە.
بىر «ئاكىسلاك» يورۇقنى بىلمەي،
تارقىتىلدى سىرلىق تۈنلەردە.

يا ئىنقىلاپ قىلىشقا بەرمەس،
يا بىر تىنچ ياشاشقا قويماس.
بىزنى خوشنىمىز، بىرى — «ئاكىمىز»،
تالاپ يىسى ئىككىلە قويماس.

ئەنى بىزدە «ئىتتىپاق» قالدى،
رەھبەرلىكنى شۇ قولغا ئالدى.
قانىتىنى يىيىپ ئۆلكىگە،
گومىنداڭغا غۇلغۇلە سالدى.

ئەخمەدجاننىڭ داڭقى تارالدى،
ئۆلكىنى جىن رەھبەر ئاتالدى.
خەلق بىلەن بىللە تۇرسىمۇ،
جىنقانىسى دىللاردا قالدى.

مەن چوڭچەكتە ئىشىم شۇ چاغدا،
«ئىتتىپاق»نىڭ رەئىسى ئىدىم.
ئىزىتاسمۇ مەسئۇل مۇھەررىر،
قەزىيىنى قوشۇپ ئۆتەيتتىم.

«ئىتتىپاق»قا بىرلەشتى ھەممە،
خەلقلىرى شەرقىي تۈركىستان.
ئايرىماستى ھېچ بىرىنى مىللەت،
قۇرىمىز دەپ ئۆملۈكتە بوستان.

تۈركىستاننىڭ بۇ شەرق ماكانى،
ئۇيغۇرلارغا ۋەتەن ئەزەل.
تۈركىيلەرنىڭ قەدىمىسىدىن،
بۇ ئۇيغۇرلار جىن بەبە لەيلەل.

1) فـ ئـد پ — خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە.

ئۆزبېك، قازاق ئۇنىڭ قانىسى،
قىرغىز، تاتارىبىقىن جانىسى.
تاجىك، تۇنگان، موڭغۇللارنىمۇ
ئۇيغۇر سانار ئۆز ۋەتەنىسى.

تايغان نانىنى تەڭ بۆلۈپ يېگەن،
«بىز پەگادا، سىز تۆرگە»، دېگەن،
«مىللەتچىلىك» بوپ قالمىسۇن دەپ،
ھەققىنىمۇ سوراپ يېمىگەن.

## ئىتتىپاقسىزلىق ۋە يەنە زۇلمەت

بىسىم بولغان زىيالىرى ئۇيغۇر،
ئىككى «سەپكە» بۆلۈنگەن ئىدى.
كوپچىلىك ئۇچ ۋىلايەتكە،
ھۆكۈمەت بىلەن يۈزلەنگەن ئىدى.

بۇ — كوپچىلىك ئۇچ ۋىلايەتتە،
ئىستىقلالنىڭ شامىلىن سەزگەن.
مەيلى، شورا ھامى بولسۇن دەپ،
گومىنداڭنى بەك تويۇپ، بەزگەن.

ئوردۇمچىنىڭ بەزى زىيالىي،
(مەسئۇت، ئەيسا، مەمتىمىن بۇغرا)
قوللىمىدى ئۇچ ۋىلايەتنى،
«ئۇستىنىڭ بار — دەپ — مەككار شورا».

ئەخمەت قاسىم قاتارلىقلارمۇ،
بەك بىلەتتى ئۇلار بىلگەننى.
ھۆكۈمەت قىلغان باشقا ئىلاج يوق،
ئالساق، دەتتى، ئەركىن دېگەننى.

لېكىن، ئەپسۇس! ئېپلىشەلمىدى،
(بۇ بىزلەرگە دائىملىق ئادەت.)
ئالىي مەقسەت بىرلا بولغاچقا،
تىل تېپىشماق — ئىشى سائادەت.

ئولكىمىزنى دېسەك تۈركىستان،
بىرى «شەرقىي» بىرى «چىنى» دەپ.
«شەرقىي» دېگەن جۇغراپىيە نامغۇ،
لېكىن «چىنى» زادى قانداق گەپ.

دېمەك خەلق قانداق بولسىمۇ،
ئىستىقلالنى ئالساق دېيىشكەن.
ئەمما تەرەپ تىل تېپىشالماستىن،
ئىككى ياتقا سىرنى بېرىشكەن.

ھەممە ئەگەر خەلقىنى دېسە،
ئىستىقلال دەپ جاننى تويسۇرسە.
چۆرۈپ تاشلاپ ياتشىزىملارنى،
بولماسمىدى ئۆزىنى بىلسە؟!

قاملاشمىدى ئىشىمىز ھامان،
بۇزتاشقا شاك چىقىۋېرىپ.
قارا، قىزىل قالغان نەچچىلەر،
ھەر تەرەپتىن قىسىۋېرىپ.

ئىككىلى «شەرق» گە ئىككى خوجايىن،
«غەربلىك» «قىلسا چالى يارتايىن.
«شەرقلىك» چانىنا تۈمۈرت» دېگەنلىك،
«تەۋەككۇل» گە سالغان ئاتايىن.

ئەپلەشمىگەن ھەر ئىككى تەرەپ،
قوچاق بولۇپ «ئويناشقىنى» راست.
مۇناپىقلىق بىلەن ئالدىشىپ،
ئىككى زالىم تويلاشقىنى راست!

راست ئىستىقلال جاڭگۇدا پەيلى،
خەلقىمىزغا بەش قولتۇك مەلۇم.
ئەسىر بولۇپ ئازابنى تاتقان،
ئاتا-بوۋا پەرزەنتى تەلىم.

ھېلىمۇ كۆپ زالىم خىتاينىڭ
يار بېشىغا يوتقان سالىدۇ.
ھەرجايدىغان ئۇلۇپ «خوجايىن»
«ھارۋىسا» ئۆتۈرشقان ئالىدۇ.

گەر ھەقىقىي سورىسا ئۇيغۇر،
ياشقا بىرنى قارشى قويا تتى .
قازاق ئەگەر بىرتەلەپ قويسا،
مۇڭغۇللىمۇ «قىشقا» سالاتتى .

خەلقلەرنى بولۇپ، تالاشقا،
ئۇستا شۇ زۇمىگەر خىتاي .
بۇنى كىمسۇر يۇزتاگە چىقسا،
بولار شۇ ئۇنىڭ ھالى «ۋاي» .

قىرىق توققۇز يىل سىنتەبىردە،
تەئسىس زىغىن بولدى بېيجىڭدا .
شۇ زىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن،
ۋەكىل تەيىن ئېتىلگەن بىزدە .

رەھبەرلىرى ئەخمەت قاسىمى،
ئابدۇكېرىم ئابباس، شۇنىڭدەك،
دەلىلخان ۋە لوزى باشقىلار،
ئالمۇتىدىن «ئۇچقاندى» بىرلىك .

ھە، بۇ ئۇچۇش خەلقىمىز ئۈچۈن،
بولدى ئېغىر پاجىئە - ھازا .
ئاتا ئانىلىرى كېيىنلا بىزگە،
خەۋەر كەلدى: «بولغانمىش قازا».

«ۋاي داد!» دېدى خەلقىمىز زىغلاپ،
«شورا يەنە ئالدىدى» دېدى .
تۈزۈپ يانىدى خەلق يەرتىلغاپ،
«بىزگە شۇمۇ بارمىدى؟»- دېدى .

يەنە بەش ئاي ئۆتكەندىن كېيىن،
شورا بىزگە كەلتۈردى مۇردا .
يەتتە ئايلاپ بايكول تىنغىچە،
تولۇپ، شۇ ناق ياتقانمىش گويا!..

ئېيتىشىچە، بايكول بويىدا،
تەييارىسى تاقىقا تۇرۇلغاندا .
يەتتە ئايلاپ بولارچە سەندى،
چىرىپ كەتمەي قانداق ساقلانغان؟

كىم ئىشەنسۇن بۇ سۆيۈنقەستكە،
نىمە دەرسەن يەنە ئەتىگە.
يالغانچىسى شورا ئەزەلدىن،
دىمەك، ھەممە ئۆز مەنپەئەتىگە.

مەنتىقسىزلىك بىلەن ئەگەر قىلىش،
يۈزسىزلىك شۇ ئۆزى ئەمەسمۇ؟
كۆرەشچان خەلق رەھبەرلىرىگە،
بولغان قەستنى چۈشۈنۈش تەسمۇ؟

خەلق كۆيۈپ قان قاخشاپ كەتتى،
يەنە مەلئۇن شوراتقا يەتتى.
ئىستىقلالنىڭ يولى توسۇلۇپ،
قوش جاھانگىر خوش بولۇپ كەتتى.

ئوتتوز توخ دە خوجانىيازنى،
ئالداپ يەنە تۇرمىغا سالغانىدى.
بۇ قېتىممۇ چوڭ قەدەم بېرىپ،
يېڭىۋالدى - ئىشقا باشلىدى.

تاشنى كۆتتۈم - ھەممە كۆتەتتى،
سەل سۆزلىدى يەنە كۈن پاتتى.
تالاڭ - ئىستىقلال دوستلارغا يەتتى،
بىزگە كەلمەي جايىدا قاتتى..

## ئازاتلىق - سەراب

«ئىشلەرنى كۆرمىدى بۇ باش»
دېگەن ئىكەن ئاتا - ئانىلار.
يەتمىش بەش يىل ئۆمرۈمدە مەنمۇ،
ئاز كۆرمىدىم ئاچچىق بالالار.

كۆرگەنلىرىم چۈشسۇن قەغەزگە،
ئۆزەم بىلەن ئۆتۈپ كەتمىسۇن.
خەلقىمىزنىڭ كۆرگىنى بەلكى كۆپ،
ئەۋلادىمىز ئۇنتۇپ كەتمىسۇن.

× × ×

«ئازات بولدۇڭ، ھۆرلۈك مۇبارەك!»
دەپ قۇتلىدى شۇ شوئارچىلار.
«بىز ئازاتلىق ئېلىپ كەلدۇق!» دەپ
چوقان سالدى كۆككە ناخشىچىلار.

— ھۆي، راستمۇ يا ھۆرلۈك بېرىشى؟
بۇلار باشقا خىتايمۇ ياكى؟..»
دېيىشكەنلەر، ھەيران قالغانلار،
تۇرغۇن بولدى بىلگىچە تاكى.

ئاق كۆڭۈللۈك مەزلۇم خەلقىمىز،
«چوڭلار ئېيتتى» دەپ ئىشىنىمىز.
كۈتتۇق يەنە ھۆرلۈك، ئەدالەت،
سەبر بەرگەن ئىسلام دىنىمىز.

سەبر قىلدى خەلقىمىز-ئادەت،
كۆرسىتىشتى ھەتتا سەداقەت.
ھېچ ئايىماستىن ئەندى «ئاكىلار»
بىزدىن تىلەپ سۆزسىز ئىتائەت.

«پارتىيە» — دەر ھەممىسى ئۇستۇرە،
ئۇنىڭ سۆزى مۇتلەق ھەقىقەت».
كىم خىتايغا زىت پىكىر بەرسە،
«پارتىيەگە قىلدىڭ» — دەر — تۆھمەت!»

ئەمەلىيەت كۆرسەتتى شۇنى،
خەنزۇ كادىرلار — كومپارتىيەدۇر.
دېمەك، خىتاي نېمە دېسە ھەق،
يول-يورۇقنى شۇلار بېرەدۇر.

يەرلىك كادىر «لۈگەنبۇ»لارغا[1]،
سۆزسىز، قەتئىي بويسۇنۇش شەرت.
ئۆز پىكرى بار مىللىي كادىرنى
«مىللەتچى» دەر، باسقۇنچى نامەرت.

ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارمۇ،
يەر ئىجارە، تەقسىماتلارمۇ.
ئۆتتى شۇنداق تۈز ئېلىش بىلەن،
ئېنىق بولدى تەسىراتلارمۇ.

1) لۈگەنبۇ — كونا كادىر، خىتاي مىللىتىگە مەنسۇپ پارتىيە كە
ئۇلار شۇنداق ئاتىشىدۇ.

«ئاراتلىق» دەپ ئېيتقانىكەن ئۇلار،
بويسۇنۇشنى، ئۆزنى ئۇنتۇشنى.
مىللىي ئادەت، تۈركىي خىسلەتنى،
دىننى، ھەتتا سوزنى ئۇنتۇشنى.

مىللەت ئۇيغۇر تۈركىي پەرزەنتلەر،
سەرسانلىقتا ئوقۇشسىز، ئىشسىز.
لەك، لەك چىقار كولى[1]دىن خىتاي،
ئۇلارغا ئىش تەييار تەشۋىشسىز.

زاۋۇتلاردا ھەممىسى چىنلىق،
ئۇلار ئىشقا جايلىشار سىلىق.
يەرلىك مىللەت ئىش سوراپ بارسا،
موييو[2] دەيىشۇ، سوزمۇ يوق ئىللىق.

قەشقەر، خوتەن، يەكەندىن چىقىپ،
غۇلجا، ئالتاي، تۇرپاندىن كېلىپ.
ئۇرۇمچىدە يۈرەر ئىشسىز، ئاچ،
كەچتۈنى يوق، ئىشلەر كىتىپ.

ئۆز زېمىنىدا مۇساپىر باللار،
نىمە قىلسۇن ھېرىپ ئېچقىلار.
كىسەلخانا، كوچىلاردا بەزى،
ياتار، ئولەر يېتىپ-يوقۇلار.

نىمە دېگەن ھەقسىزلىكلەر بو؟!
ئۆز كىندە بار، ئۆزىگە ئىش يوق.
زۇت تىگىنىسى خېرىپ بىچارە،
كەلگۈنىلەر ئەركىن، قارنى توق.

ئىگىلىرىن بىكار نازىچىلار،
نىمە ئۈچۈن كىلىۋېرىشىدۇ؟
ئۇنى دىسەك مۇستەملىكىچى،
«ياق ئەمەس» دەپ تېنىۋېرىشۇ.

---

1) كولى - سەددىچىنىي ئىشچىسى.
2) موييو - يوق دېگىنى.

تىنچلىپ يەرلىك خەلققە،
تۆھمەت تېپىش ئىشچۈرىدۇ.
ھاكىمىيەت ئۆز قولىدىن،
ياقمىغانىنى ئىشچۈرىدۇ.

شاللاشنى سەيخو ئىشلىگەنتى،
ستالىننىڭ ساۋاقى ئالغانىدى.
ئۆكتىمىزنىڭ باشلىقلىرىنى،
يۈزلىرىچە تالاپ ئالغانىدى.

"ئەنسىز ئازات بولدۇقلار" دېگەندە،
گۆشىنى تىلىپ پەرقى قايەردە؟
ئۆي يوقسۇلدە، بۇ ئوچۇق ئاشكار،
ئاتىش، چاپتى - پەرقى نۇ يەردە.

شاڭ ئالتۇننى ئۆزىگە زىققان،
بۇ - تاپقاننى بېجىنگە تىققان.
باسقۇنچىلىق - خىتايلار ئىشتۇرۇش،
قەستنى بۇ ئوچۇقچا چىققان.

خەلق ھالى ئېغىرلاشقانىدى،
چارىسىزلىق ئۆركى باسقانىدى.
ئەمىرىيە قىزىل ۋە سېرىق،
ئاكىلى يانىنى راسا قىسقانىدى.

شۇرا، چىننىڭ ئەنسى تىلى بىر،
ئىشقادى - يولى بولسى بىر.
باش كوتەرسەك تەككۇر يەنچىدۇ،
ئازاتلىقنى ئۇرار قولى بىر.

ئافغاندا بىر نەچچەر ئۆلسە،
تاسى سىن دەرھال چوقان سالىدۇ.
بۇ دىياردا يۈزلەپ ئېتىلسا،
گويا كورمەي "ئۆخلاپ" قالىدۇ.

شىنخوا شەخو ھەر كۈنى - كۈندۈ
مەدھىيلەيدۇ گۈكسەنسىنى
ماۋزىدۇڭنى "ئەلا - ئەلا بويۇ
تەرپىلەيدۇ "غايە" تاكسىنى.



Йигирма ёшлигим

1936 йили Чувачакда
/Ўтирган-Умарбек, чапдаги
Абдурахмон/. →





Дўстим Ориф Насибий билан /1949 йили Чувачакда/



Озод Чувчак шаҳрида /1948 йил/Вилоят ҳукумат ходимлари раҳбар Аҳмаджон Қосимий /ўтирганлар:чапдан 6-киши/ ва волий Бошбой/чапдан 7-киши/ билан.





"Шинпонг гезити" ходимлари 1955-йил
/чапдан 4- Фувень/

Уйғур,қозоқ дўстлар:Турсун/олдида/,
Телимуҳаммад/ўнгда/,Қолдибойлар билан.
950 йил Чувчак.

ئۆلگەندە يوق چەت ئەل مۇخبىرى،
ئەلچىسى يوق، كەلمەس مېھمىنى.
چەتكە چىقماس ئۆلگەننىڭ خەۋىرى،
ياخشى "گۇۋا" شۇ راكونسۇلى.

راست ئېيتقاندا بەدەر كۈچ يوق،
مىللىي ئېرىتىش خىتايلاشتۇرۇش.
پەقەت پەرقى "يۇمشاق" يالغان گەپ،
شۇنداق بولسى ماۋۇچە باشقۇرۇش.

ھە، "ئازاتلىق" سەراب بوپ چىقتى،
ئالدانغانمىز خەلقىمىز يەنە.
بويۇنتۇرۇق ھېچ يېشىلمىدى،
"ئازاتلىق" دەرد سەراب ئەڭگەنە.

## "شىنجاڭ گېزىتى"دە

ئوتتۇز ئۈچىنچى ئاپرېلدىن،
ئۇيغۇرچە بىر چىقتى گېزىتمۇ.
ھەربىرى "بىز ئەلا" دېگەنغۇ،
ئىسمى ئۇنىڭ "شىنجاڭ گېزىتى".

گېزىت چىقتى ئۇيغۇر تىلىدا،
ئۇرۇمچى-باسمىخانىدا.
"شىنجاڭ" دېگەن باشقۇرغۇچىلىق نام،
بار شۇ گېزىت بېشىدا.

شۇنىڭدىن بېرى "شىنجاڭ گېزىتى"
توختىماستىن چىقىپ كەلمەكتە.
شالاڭ شى سەيمۇ، گوشنا ئېچىمۇ،
گۆشسىز ناتېمۇ تەلەپ ئىشلىتمەكتە.

"ئېزىلگەنلەرمۇ خەلقچىللىقلار،
مەنپەئەتى تۇتاش ئىكەنغۇ.
مەزلۇملارنى ئېزىش بىلەن،
زورلۇقچىمۇ ئورتاقلاش ئىكەنغۇ؟

شۇنداق قىلىپ «شىنجاڭ گېزىتى»،
چىقىپ تۇردى ھەر خىل چاقاما.
گوڭسەنداڭ پىكى كەڭگەيسۇن تېپىن،
دىسى: «گېزىت ھۆرلۈك زامانى».

«ئازاتلىق» نىڭ ئىككىنچى يىلى،
ئۈرۈمچىگە چاقىردى مېنى.
باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ قويدى،
شىنجاڭ گېزىت تەھرىراتىنى.

بۇتۇن ئۆلكە مىقياسىدىكى،
گېزىت ئىشى ئەمەستى ئاسان.
لېكىن تېخى ئىشەنچ بار ئىدى،
«تىرىش! ئىشلە!» دەر ئىدى ئىمان.

ئىش باشلىسام پىلانىم بىلەن،
خىزمەت قىلسام ۋىجدانىم بىلەن.
لېكىن دەرھال توسۇلۇپ يولۇم،
قىزىقىشتۇق باشقانىم[1] بىلەن.

گېزىت تامام تەرجىمە ئىكەن،
ماقالىمۇ، خەۋەرلەرمۇ شۇ.
ئۇيغۇرچە خەت بېسىلمايتىكەن،
خادىملارنىڭ دەرتلىرىمۇ شۇ.

تەھرىراتتا ئەجەپ يىگىتلەر،
ئىشلىشەتتى ئەمەدى بوغۇق.
توختى قۇربان، ئابلىز نازىرى،
ئوشۇر ئەلى دىللىرى سۇنۇق.

جاي-جايلاردىن كەلگەن خەت، خەۋەر،
خىتايچىغا تەرجىمە ئادەت.
دېمەك ئۇيغۇر زىيالىسىغا،
ئىشەنمىگەن گوڭسەنداڭ فەقەت.

يەرلىك خەتنى تەرجىمە قىلىپ،
ئۆزى خىتاي ئوقۇپ تۇرۇدۇ.
ياقسا-مەيلى، ياقمىسا ئەگەر،
مىلك خىل باناھىرى سورۇدۇ.

---

1) باشقانىم - باشلىقىم مەناسىدا. ھەممە گېزىت بويىچە باشا

„ئاتا ياخشى كۆكسە نىلىك„ دېسە،
ئارمىسىنى دېسە چە فاك جوزە.
ساختاڭ رسە „ئەلە، ئەلك ...„ دەپ ماۋنى،
بۇ ما قالا بېسلار شۇ كۈزە.

گېزىتنى بۇ تەرجىمىلىكتىن،
چىقىرىشقا ئاستا كىرىشتۇق.
مىللىي خەتلەر تەھرىر قىلىنىپ،
ئاستا - ئاستا مەخسەت ئېرىشتۇق.

لېكىن تېخى گېزىت قارام - دى،
بىزمۇ قارام نەزارات قاتتىق.
بەزى خەتلەر ھەققىنى سورار،
گەر يەتكۈزسە بولى بىر „سادىق„.

قارشىلىقتا قارشىلىق بىلەن،
جاۋاب قىلدۇق، كۆرەشلەر قىلدۇق.
ئۆزىمىزچە خەت، ماقالىلارنى،
„لوگەنبو„ نى گېزىتقا بەردۇق.

گېزىتىمىز ئاستا ئۆزگەردى،
تەرجىمىدىن يېڭىدىن قۇتۇلدى.
يەرلىك مۇخبىر، زىيالىلارمۇ
خوش بولۇشتى - يېزىپ تۇرۇشتى.

لېكىن مىنىڭ ئىشىم ئەتىۋارىم،
باشقىلاردىن ياخشىراق شىدى.
ئىشىمنى ھېچ قولغا ئالالماس،
ئۇلارغا تىل بەلك زىياق شىدى.

نەزارەتلەر نارازى بولغان،
مىللىي دوستلار كۆپ نالىشاتتى.
مۇئاۋىنى „لوگەنبو„ لەرمۇ،
ئۇلارنى بەلك خار قىلىشاتتى.

بولار بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى،
شۇ مۇئاۋىن يوققىمۇ قىلاتتى.
„لوگەنبو„ دىن مۇدىر بولغانلار
ئىشنى قىلماي، دوقمۇ قىلاتتى.

سېلىپ نازۇ بەك تەلەپ قىلسا،
كۆكسىگە نەشتەر بۇ قارشى دەيتتى.
گەپ قىلمىغان خوپ دېگەنلەرنى،
"كونتوزۇرەتتى" بەك ياخشى دەيتتى.

ئېزىتچىلىك ئىشىنى "لو..." لار،
تىلىنى بىلمەي كوپ "قىينىلاتتى"،
مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىشقا،
"جىن" تەرجىمان خىزمەت قىلاتتى.

## يۇۋىن ۋە فۇۋىن

"لوگەنبۇ" نىڭ ئىنسانىيلىرى،
پاك دىللىرى يوق ئەمەس ئىدى.
مىسال ماڭا يۇۋىن ۋە فۇۋىن،
ئىككىسى دوستى ئۇنتۇش تەس ئىدى.

يۇۋىن شىنجاڭ زىباۋ[1] باشلىقى،
فۇۋىن خۇددى ئىزدىشى سىتونۇك.
ئۇزلىرىنى خوجا دېمىدى،
دىللىرىنى تاپتى "شاۋىشو"[2] نىڭ.

ئۇلار بىلەن ئىشلىدىم بىللە،
باشقىلاردەك قىلمىدى ھىيلە —
بىلگىنىنى چۈشەندۈرۈشتى،
نىيىتى ئاق ئىشەندۈرۈشتى.

بۇلار بىلەن كوپ سۆزلىشەتتىم،
خەلقىمىزنىڭ ئوتمۇش دەردىنى.
سۆزلىرىمنى جىم كۈرۈنەتتى،
بىلىشلىرى ئىنسان قەدرىنى.

بىر تۈنە يۇۋىن مەرۇزە قىپتۇ،
سەھىيەنىڭ نازارىتىدە.
سوئال-جاۋاپ داۋام قىلىپتۇ،
ژىغىننىڭ ئۈچ-تورت سائىتىدە.

---

1) شىنجاڭ زىباۋ — خىتاي تىلىدىكى شىنجاڭ گېزىتى.
2) شاۋشو — ئاز سانلىقلار. خىتايلار ئۇيغۇرلارنى باشقىلارغا
شۇنداق ئاتايدۇ.

خىتايلار كوپ سوئال بېرىپتۇ،
«ئۆز ۋىلايەت ئىنقىلاۋى» دىن .
«ھازا يوقمۇ ئۇلارغا؟ - دەپتۇ، -
ئۆلتەردى كوپ بىز خىتايلاردىن» .

ھە، دەپ يۈۋىن جاۋاپ بېرىپتۇ، -
ئۆلتۈرۈپتۇ گومىنداڭچىنى .
بىز ئۆزىمىز ئۆلتەرمىدۇقمۇ،
شۇ خىتاينى - جاڭكەيشىچىنى ؟

- شاڭشى سەيمۇ خىتاي ئىمىغۇ؟
ئۆلتەردى ئۇ يۈزمىڭ ئۇيغۇرنى .
ئەشۇ ئەۋلاد ئىنقىلاپ قىلسى،
ئۆلتەرمەسمۇ خىتاي قورغۇرنى» .

بۇ سوز ھەق - راست مەن ئۆزەم گۇۋا،
شەخسەن يۈۋىن ئۆزى سوزلىگەن .
قورۇق توھمەت ئۇنىڭ چىققاتتى،
ئەمەلىيەت ھەقنى كوزلىگەن .

قوزغىلىڭغۇ بەلكى مۇلايىم ئىسى،
باش تەھرىردىن ئوسۇپ كىتىلسى .
مىڭ توققۇز يۈز ئەللىك توردىنچىلى،
بيوروغا ¹ مۇدىر ئىشلىسى .

ئاشۇ يىلى بىزنىڭ ئولكىدە،
كەپ باشلانسى ئاۋتونوم قۇرۇش .
بۇ ئاۋتونوم ئولكە بويىچە،
جەملەنگەنى - چوڭ بىر قۇرۇلۇش .

بۇ چاغلاردا ئولكىدە تولا،
ئاۋتونوملار قۇرۇلۇپ بولغان .
قازاق، قىرغىز، موڭغۇللار ئوبلاست
دەرىجىلىك ئاۋتونوم قورغان .

يەنە تاجىك، تونگان، داغۇرنىڭ...
ئاۋتونوملار بەلكى تۇرغۇدەك ئىسى .
ناھىيىلىك، رايون، يېزىلىق،
مۇختارىيەت بىزنى چىرمىسى .

---

¹) بيورو - خىتاي كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ بيوروسى.

ئەنە قالغان قۇرۇش، چاكالاش،
بۇتۇن تۈركلەر ئاۋتونومىنى.
ماۋزىدۇڭ مىشى "مەرھەمەت" قىلىپ،
پەقەت "شىنجاڭ" دەپتۇ نامىنى.

ھەممە ھەيران، بۇ نىمە قىلىق؟ —
دىدى: — ئۇيغۇر كىمگە دەھشەتلەر
ھەممە مىللەت نامى قويىلدى،
بىزنىڭ نامدا ئىللەت بارمىكەن؟!

بۇ، — دىيىشتى، — مەركەز قارارى،
داھى ماۋنىڭ ئۆزى ئېيتىپتۇ.
باشقا مىللەت پايدا بولمىسۇن،
ئۇيغۇرلاردىن نىمە كېتىپتۇ؟..

ھېچقاچان قورقۇپ قاتتىق دىمەيمىز،
دىمىسە دەرھال تۆھمەت چاپلايمىز.
"تارمىللەتچى"، "بۇزۇق"، "بۆلگۈنچى"
"قالپاق" تەييار، باشقا قاپلايمىز.

بىر تۈپ توختى قۇربان بىلەن مەن،
بىر "لوگە نبو" بىلەن تالاشتۇق.
ئاۋتونومىنى "شىنجاڭ" ئاتاشنى
"خاتا" دىسۇق، راسا تاقاشتۇق.

توختى قۇربان بەك "قايناپ" كەتتى،
ئۆزى "باشتىن"، "ئەيىپسىز" كەتتىم
"تېرەك ئەمەس، ئۇنى قىلار بىلەن
گە يېلىشىمۇ پايىسىز..."، دەتتە

ئۇ مۇھەررىرلارغا دىگەنىدى،
پايدا بولۇپ "قالپاق"، "مۇ "تېگىشتى".
شۇندىن چىقىپ خۇۋ ئىنغا ياردۇق،
كېيىمىزگە چوپ قولاق تۇتتى.

كېيىن دىدى: "ئۇيغۇر دىمىسە
راسلا خەلق بولالمىسۇ پايدا.
— نىمە ئۈچۈن پايدا بولماسۇ
دىسەم بۇنىش بولمامسۇ پ…

توختى بىلەن ئاتكىنىمىز يەنە،
چۈشەنمىدۈك ئۆمۈچۈك چۈشەنسى.
راسا خاپا بولۇپسىزلارغۇ،
ھەممە شۇنداق بولامدۇ؟ – دېدى.

– ھە! – دېدىم مەن، خاپا بولمايمىز،
لېكىن كۆپلەر قورقۇشسا كېرەك.
– ئۇنداق بولسا، – دېدى ئۆچكس دې، –
ساۋچۇشىغا يەتكۈزۈش كېرەك.

(قوشۇن ئۆزىنى بىيوروت ئەشۇتقات
بولۇمىنىڭ مۇدىرى ئېدى).
ھەل قىلالىدى بىيوروت ئارقىلىق،
جوڭگيانغا[1] تېز يەتكۈزۈڭ! – دېدى.

«مەركەزگە ئاقاپ قويمىسى،
قىلمىسى ھەم نىسبەتەن ئازلىق.
قارارىنى ئىجتى كۆپ ئويلاپ،
ئەمەستى بۇ مۇرەسسە سازلىق.

ھەر بىر مىللەت يامان بولمايدۇ،
ھەر مىللەتنىڭ بار ياخشى-يامان.
كىم بولمىسۇن باشقىنى يامان،
ئۆگەتكەنىش بولسىمىز ئامان.

---

١) جوڭلياڭ — مەركەز. مەركىزى كومىتېت دېمەكچى.

# خىتايغا سەياھەت

مىڭ توققۇز يۈز ئەللىك بىر يىلنىڭ،
كۈز ئېيىدا بىر «ئۆمەك» تۈزدۈك.
«ژۇرنالىستلار ئېكىسكۇرسىيە
ئۆمىكى»، دەپ ئاتاپ قويدۇق.

بۇ تۈرە ئۆلكە بىز تىللىرىنىڭ،
بىر كەم ئوتتۇز خادىمى ئىدۇق.
ھە، كەمىنە ئۆمەك باشلىقى
«جۇڭسەنفۇ»[1]نى ھەممىمىز كىيدۇق.

مۇئاۋىنلار خىتاي، قازاقىدى،
«لوگەنبۇ»دىن كومىسسار بولدى.
ماشىنىدا سەپەرگە چىقتۇق،
قۇمۇل، ئېپىن، «شىڭ شىڭ شا»[2]دىسى.

تۆرت تۆرە ئۆزۈردۈپ خىتاي سېپىلى،
سەددىچىننىڭ ئىچىگە كىردۇق.
«جايىگۇەن»[3] دەپ نامى بار ئىكەن،
«مانا خىتاي زېمىنى» دېدۇق.

گەنسۇ ئۆلكە — تۇڭگانلار يۇرتى،
مەركەزلەنجو شەھىرىنى ئۆتتۈك.
ئۇنى ئۆتۈپ كۆپ يول يۈرۈپ ئاخىر،
غەربىي مەركەز — شىئەنگە يەتتۈك.

بىزنىڭ ئۆمەك تەركىبى تولدى،
«لوگەنبۇ» دىن يەنە قوشۇلدى.
چوڭ سەپەرگە چوڭ تەييارلانغاچقا
قائىدىلار ئوبدانلا ئوقۇلدى.

---

1) جۇڭسەنفۇ — ئاددىي رەختتىن تۆرت يانچۇقلۇق تىكىلگەن فىل تېسىم.
2) شىڭ شىڭ شا — ئۇيغۇرستاننىڭ خىتاي بىلەن چېگرىسى
3) جايىگۇەن — سەددىچىننىڭ غەربىي دەرۋازىسى

سەبىرىمىز تۆرت ئاي سوزۇلدى،
زورۇقىشىمىز پويىزدا بولدى.
ئىشىنىڭ بىز ئىشتىخەيگە باردۇق،
كېيىن ناڭكىن، دۇڭبېي ئۆتۈلدى.

دۇڭبېي دېمەك - شەرقىي شىمالدۇر،
بۇنى كوردۇڭ مۇكدىن، خاربىننى،
بۇلا ئەمەس بار جىلىن، چاڭچۇن،
يەنە دالەن ۋە پورت ئارتۇرنى.

قايسى شۇنىڭ تيەنجىنگە كېلىپ،
ئانىكى ھەپتە سەياھەت قىلدۇق.
ئاخىرى بېيجىڭگە كېلىپ،
راسا كوردۇق خۇلاسە قىلدۇق.

كورسەتتى ھەر بارغان يەردە،
بىزگە ئۇ يەڭى جاي-ماكانلارنى.
ھەممە قىزغىن خاتىرە يازار،
ئۇنۇتماي دەپ ياخشى ئانلارنى.

شاڭخايدا داڭ يېنىك ساناتەت،
دۇڭبېيدا چوڭ ئېغىر ساناتەت.
كورەتتۇق بىز خاپىرىكا-زاۋۇت،
مەملىكەتلەردىن ئېلىپ قەناتەت.

سەنخەيگۇۋەنىنىڭ[1] ئۆتتۈق دۇڭبېيىڭ،
بۇ يەر ئەسلى مانجۇرىيەدۇر.
«ئىستىبىن» تەكەننى خىتاي «ئاكىدا»،
مانجۇر خەلقى ئەنە شۇلاردۇر.

ئۇلار ئەسلى ئۇخشىشىنىكەن،
ئۆرپ-ئادەت، دىنى بىر ئىكەن.
ئۆتكەن ئەسىر يوقتۇن خىتايىنى،
سورۇغانىمۇ شۇ مانجۇر ئىكەن.

---

1) سەنخەيگۇۋەن - سەددىچىنىنىڭ شەرقىي-شىمال دەرۋازىسى.

ئۆزرۈش، تۆزرۈش دىنى بىر بولسا،
ئادىتىمۇ، قېنى بىر بولسا.
قوشىلىشى، ستىشى بارگەپ،
بۇ قىسمەتنى كۆڭلىمۇ تولسا.

(تەڭرىم ئاسرا، يات-يېگانىسىن،
قوشۇلۇشتىن ئۆزۈڭ قېيىدىسىن.
شۇ قىسمەتنى ھەزەر قىلىشىپ،
كەتتى كوپلەر ئۆز ماكانىسىن).

نانكىن، تيەنجىن، بېجىن ... مەركەزلەر،
كونا خىتاي تارىخىغا باي.
كۆردۈك بىز كوپ ئاسار-ئەتىقە،
قايىل قىلدى بىزنى بۇ ھاي-ھاي.

ھەممە جايدا چوڭ قارشى ئالدى،
«شاۋشۇ منسو»، دەتتى بىزباللار.
«خۇەيپىڭ»¹ دىسە مەسئۇللار چوڭلار،
«نەلىك سىلەر؟» - دەتتى كوپ جانلار.

ئۇخشىما تتوق زادى ئۇلارغا،
تۆرتىي خەلق بەلك يات خىتايغا.
«بىز جوڭگولۇق»، دەپ چىلك تۇرساقمۇ،
ئىشەنمەيتتى ئۇلار ئۇنىڭغا.

يۇرتىمىزنى چۈشەنمەيتتى تتوق،
غەربىي-شىمال دەپ كورستەتتوق.
«شىنجاڭ» دىگەندە بىلىمەي نامى بار،
«بۇ سىلەرچە» دەپ ئەسلىتەتتوق.

«بۇ ئۆلكىسىنىڭ مەيدانى كەڭ ۋە،
مىليونلە ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە مىڭ
ئۆزادىرات كىلومېتر دۇر،
ئۇيغۇر ئۆزبېك نامى خەلقنىڭ ...»

1) خۇەيپىڭ - قارشى ئالىمىز، خوش كەلدىڭىز مەنا.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپمۇ ئۇلار،
يەنە ھەيران، بىرەر سوراقلار.
«كىيىملەرمۇ باشقىچە ئىكەن،
گەۋدەگە كەڭ، چوڭ ياقا، سالەر ئاقلار».

بۇ يارىكلار بىزنى ئويلۇتۇپ،
كونا دەرتنى قوزغاپ قوياتتى.
نىمە چارە؟ ئوخشىمىساقمۇ،
قىسمىتىمىز «قوشۇپ» قويغانتى.

«ئىشتە نېمىتى «سولەنلىك»[1] دەتتى،
ئېرانلىقمۇ، مۇسلىك[2] ئەييا![3]
ئېچىمىزدە بىزمۇ راست دەتتۇق،
مۇسۇلمان بىز، ئەلھەمدۇلىللا!

ھەقىقەتەن ئوخشىمايمىز غۇ،
زورلۇق بىلەن قانى تاتىسمۇ.
زومىگەرلىك خەلقىمۇ شۇغۇ،
تەشۋىقاتى كۈپ تاتاسىمۇ.

ئوخشىمايتتۇق راسى ئېيتىق ئۇلار،
قوشۇلماتتى قايىنسىمۇ قان.
«تەغدىر»، دەتتۇق «تەۋە»، بەرمىگەن ئىتتۇق،
ئاتىمىزدى تالاپ، يوش كەتتى قوزغىلان.

ياخشى ئوتتى ئېكسكورسىيە،
كۆردۈك بۇ چوڭ قەدىم ئۆلكىنى.
«بەش مىڭ يىللىق تارىخنى» بۇ
كۈپ ئاڭلىغان كۆردۈك كۆرگىنى

---

1) «سولەنلىك» — سولەن — شۇرا دېگىنى.
2) «مۇسلىك» — مۇسۇلمان دېگىنى.
3) «ئەييا» — «ۋاي - ا - ا - ي» دەپ ھەيران بولغىنى.

خەلقىمىز بەك ئوبدان كۈتۈشتى،
ھەممە جايدا گۈللەر تۇتۇشتى.
ئاجايىباتلارنى كۆرسىتىپ،
مېھمان قىلىپ راسا قوچۇشتى.

ئەسىرلەتتىن كېيىنكىلەرگە مەن،
يېزىپ بەردىم ماقالىلارمۇ.
مۇكدېندىكى «دۇڭبېي ژىباۋ»مۇ،
باستى بېيجىڭ «رېنمىن ژىباۋ»مۇ.

دۇڭبېيدىن مەن بۇ يەر تارىخى،
بىرگە مەلۇملىقىنى يازدىم.
ئىشغال قىلغان ياپون ئوغرىلارنى،
مەزلۇملىقنى خارلىقنى يازدىم.

ئۇ زاماندا چوچەك شەھىرى،
شىئىر يازغان «دۇڭبېي قىزىغا»
«باسقۇنچىغا قارشى كۈرەش!» دەپ،
ھەمساش بولغانىم سۇڭخۇاجاڭغا [1]

«بىز سۇڭخۇاجاڭ بويىدا» دېگەن،
ناخشىسى بىلەن تونۇق بىزلەر.
ماقالەمنى ئەسلىتىدى شۇ،
تارىختىكى جاڭگىۋار ئىزلەر.

«رېنمىن ژىباۋ» شۇ دېكابىردە،
ماقالەمنى ئېلان قىلغانىدى.
بۇندا ئۇلارنى كېيىنكى خىزمىتى،
ئەسىرلەتلەرگە يېزىلغانىدى.

---

1) سۇڭخۇاجاڭ — دۇڭبېيدىكى دەريا نامى، ئامۇر دەريا.

## قەشقەر «باختەكلە» دە

بىر چىشلىك ھەم «ئۇچۇپ» تۇپ-تۇغرى،
ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە قايتتىم.
ئەللىك بىر يىل ئاخىرىدا،
ئىشلەپ يەنە يولغا راسلاندىم.

شۇ چاغلاردا پۈتۈن ئۆلكىدە،
ئىسلاھاتلار باشلىنىپ كەتكەن.
«يەر ئىسلاھات كەمپىنى» دېگەن،
ھەرىكەت تېمۇ ئۇچىغا يەتكەن.

كېلەر يىلى باھار ئېيىدا،
سىنالماقچى يەر ئىسلاھاتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن يىلنىڭ بېشىدا،
باشلىناتتى چوڭ تەشۋىقاتى.

شۇنداق قىلىپ ئەللىك ئىككىنچى،
يىل بېشىدا ھەرىكەت باشلاندى.
يەر ئىسلاھات سىناق قىلىشقا،
قەشقەرگە بىر ھەيئەت تاشلاندى.

سەيپىدىننىڭ باشچىلىقىدا،
يىل بېشىدا بىز يولغا چىقتۇق.
ماشىنىدا تۆرت كۈن يول يۈرۈپ،
ئەزىزانە قەشقەرگە چۈشتۇق.

قارار شۇنداق قەشقەر «باختەكلە»
كەنتلىرىدە سىناق ئۆتكۈزۈش.
شۇ ئاساستا يەر ئىسلاھاتىنى
كېلەر يىلى تولۇق يۈرگۈزۈش.

---

1) باختاكلا — قەشقەر سەمەن رايونىدىكى يېزا
شۇ يېزىدا 1952-يىلى باھاردا يەر ئىسلاھاتى
سىناق ئۆتكەن.

سەيپىدىن شۇ ھەيئەتكە رەئىس،
كەمىنىمۇ ئالدىم يول-يورۇق.
قەشقەردە بىر ئاي تەييارلىنىپ،
"پافتاكلا" دە ئىشنى باشلاپتۇق.

بۇ يېزىدا بەش كەنت بار ئىدى،
ھەر كەنتتە بىر خىزمەت گۇرۇھى.
مەن بىر كەنتنىڭ گۇرۇھ باشلىقى،
مۇئاۋىنىم - لوگەن ئورۇنى.

يېغىنۇق يېزا پائالىيىتى،
تەييارلىنۇق ئىسلاھات ئىشقا.
ئۇلاردىن بىز ئەھۋال ئۆگىنىپ،
پايلاندۇق ئىش باشقۇرۇشقا.

دېھقانلارنى بىر-بىر ئۆگىنىپ،
ئايرىپ چىقتۇق سىنىپىي ھالغا.
"يالانما" ۋە "كەمبەغەل دېھقان"،
"باي دېھقان" ۋە "ئوتتۇرا ھالى"غا.

كېيىن يەرلەر ئېنىق ئۆلچەندى،
ھەممە يەرلەر چوتقا سېلىندى.
كىمدىن-كىمگە ئېلىش-بېرىشمۇ،
ھېسابلىنىپ تەخمىن قىلىندى.

يالانما ۋە كەمبەغەللەرگە،
بەزى كەم يەر ئوتتۇرا ھالغا.
تەخمىنەن ئومۇمىي يەرلەر
ئۈچ مو[1] ھېساب ھەر جان بېشىغا.

"كەمبەغەل" ۋە "يالانما" دېگەنلەر،
ئىككىلىسى ھالى بەك ناچار.
"يالانما" نىڭ ھېچ نەرسىسى يوق،
"كەمبەغەل" دە بىر پارچە يەر بار.

---

1) مو - گېكتارنىڭ ئونبەشتىن بىر بۆلىكى.

بۇ خىزمىتى يەرئىسلاھاتنىڭ،
ئەتكى ئايىغى كۆپكە سوزۇلدى :
يېزىسىنىكى ھاياتنى كۆزۈپ،
ئىختىيارسىز كۆڭۈل بۇزۇلدى .

ئۆتكەن يىلى ئىسلاھات بوپتۇ،
يەر ئىجارە ھەققى كېمەيىپتۇ .
يەرئىگىسى، باي دېھقانلارمۇ،
«ئۆزگىرۈلۈنۈپ»، بەك چەكلىنىپتۇ .

«زومىگەر»دىن ئالغان مۇللەر،
كەمبەغەللەرگە تەقسىملىنىپتۇ .
بۇنىڭغىمۇ خۇشال بولۇپتۇ،
يەنە ناچار ئىشسىز قېلىپتۇ .

ئېغىر ئىدى ھالى خەلقنىڭ،
ئېيىش قىيىن زاغرا قوساقتا .
ئۆيلەر سوغاق، كىيىملەر يىرتىق،
ئوتۇنمۇ يوق ياقسا ئوچاقتا .

ياشلار كەتكەن جان بېقىش ئۈچۈن،
ئىش ئىزلىشىپ «تاغ ئاقسى»[1] غا .
بەزى قېرى بىر ئۆزى قالغان،
چىقىپ ياتار يول ياقىسغا .

ئات-كالىسى ياقوي، ئىشىگى،
بارلىرىمۇ (بۇنىڭلار بەك ئاز)
تىرىكچىلىك ئوتلۇق زۇق سۇدۇق،
تىرىشىدۇ (بۇ ئەلۋەتتە ساز) .

يالاڭغاچ بەك كەمبەغەللىك،
جانلىقىمۇ، جانسىزمۇ يوق .
ئىش تېپىلماس مەن بولسىغا،
كېيىشمۇ يوق، ياشايدۇ ئاچ-توق .

---

1) تاغ ئاقسى - شىمالىي ۋىلايەتلەرگە كەتكەنلەر
شۇنداق دېيىشىدۇ .

روزى دېگەن بىر سەيشەنبە كۈنى،
بېرىپ كەپتۇ قەشقەر بازارغا.
مەن سورىدۇم «نېمە ئەپكەلدىڭ؟»
كۆرسەتتى ئۈچ كىرۇدە «بالىلارغا».

— نېمە ساتتىڭ بازاردا؟ — دېسەم،
— كېپەك ساتتىم بىر غەلۋىر — دېدى.
— ھېچنېمە يوق، باشقا سېتىشقا —
دەپ كۈلدى ئۇ، بەك خۇشال ئىدى.

ئۇ ھەپتىدىن بۇ ھەپتىگىچە،
تاپقىنى شۇ ئۈچ كېپەك توقاچ.
كۈزگەن ئىشىم ئالتە بالىسى،
تەلمۈرەتتى قۇساقلىرى ئاچ.

ئەشۇ روزى (بۇناقلار ئۇلا)،
مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرغان.
ئەتىسىن كەچ يەرگە كۆمۈلۈپ زورۇپ،
ناخشا ئېيتىپ ھېچ بىر ھارمىغان.

«ئۇچاقان نىكى چەكمەيمۇ؟» دەيدۇ،
«دولاقان نىكى كەتمەيمۇ؟» دەيدۇ.
«ناخشا ئېيتسام قارايسەن» دەپتۇ،
«سەنمۇ مەندەك دەتمەيمۇ؟» دەيدۇ.

«ھەممە دەرتمەن» دەتتىم ئېسىمدە،
بۇ خەلق قانداق دەرتمەن بولمىسۇن؟
پېششە يوق، كېسەشكىمۇ يوق،
قانداق قىلىپ رەڭگى سولمىسۇن.

كونا، زىتۇق چەكمەن ئۈچىسىدا،
ئىشلەر ياتاكى تەمەن دولىسىدا.
مۇھتاجلىقنىڭ چوڭ كۈچىسىدا،
تىنماي ئېيتقان ناخشا ئۈزۈپ ئىدا.

پېژىن تىكى خەلق ئەھۋالى،
ئىشلەر شۇ ئۆرمۈش ھالى.
ئىشەك بىلەن توخۇ بار ئاز-ئاز،
توخساننى باشتىن يوق ئىرۇر مالى.

ئايدا، يىلدا بىر گۆش يەنە،
كۈنى زاغرا بىلەن سۆنچايدى.
گۆشسىز سۆيقاش رەسمى بىرتاماق،
شۇنداق ئۆتەر يىلى ۋە ئايى.

مانتا، پولۇ، لەگمەن دېگەنلەر
«باي دېھقان»، نىڭ ئۆيىدە ھۇ يوق.
مېھمان كەلسە «ئوتتۇرا دېھقان»
لەگمەن بىرەر بەسەي توخۇملۇق.

مەشھۇر ئىسى ئۇيغۇر قىزلىرى،
غىزالارغا ئۇستا، شوخ، ئوتكۈلۈك.
يوقسۇزلۇقنىڭ كاساپاتىدۇ،
كورۇنەتتى ئەندى بەك موڭلۇق.

يالانغاچلار، كەمبەغەللەرگە،
يەرمۇ تەخسىم قىلىپ بېرىلدى.
ھە، كۆلسەڭ ئەيىپ بەرگەننىڭ،
«لوگەنبۇ»لەر راسا كېرىلدى.

«رەھمەت»، تىلەپ ئۇلار دېھقاننىڭ،
ماۋجى تىنماي مەدھىيلىشەتتى.
«ماۋ بولمىسا يەرنى سىلەرگە
كىم بېرەتتى؟ — بىل!»، دېيىشەتتى.

دېھقانلارغۇ خۇشال بولۇشتى،
يەرگە «ئىگە» بولغىنى ئۈچۈن.
«ئەمگەكلىك قىلىپ ھاسىل ئالىمىز» —
دەپ ئىشەنىي تەرگىنى ئۈچۈن.

تەخسىم ساختا ئىكەنىنى بىلمەي،
ئىستىقبالىنى نۇر دەپ بىلىشتى،
يولغا سالغان تىكەنىنى كورمەي.

[illegible]

[illegible]
جۇنايى بولار قانىنى سوراشتا،
يومىشچىنى «يولدا» قالدۇردى.

× × ×

## بەشكېرەم ۋە ئاتۇش

يەر ئىسلاھات ئىشىدىن بۇرۇنلا،
قەشقەرنىڭ ئەتراپلىرىدا يۈردۈم.
مەن بەشكېرەم ساياۋاغ يېزىدا،
يەر ئىجارە خىزمىتىن كۆردۈم.

قەشقەر دىيار زور مەرۋايىتى،
تارىختا مەشھۇر ئىلىم-ئىرفانى.
تىلى يارسۇ ئەنجۈر ئۈزۈمى،
ئانار، شاپتۇل ۋە «ھەمەك» نانى.

سۇۋىكى قەشقەرنىڭ داڭقى،
بەشكېرەمنىڭ شارابىتى ۋۇز،
بەشكېرەمگە پەزىلەت بەرگەن،
قومباغ، ساياۋاغ تاراۋا تىسۇر.

بۇ يېزىلار بەشكېرەم رايونى،
گۈلستانى — باغلار رىنىڭ كانى.
قىش — يازدا ھازىر ئۆزگەنلىك،
كۆز ئويناتار ئانارنىڭ دانى.

ئۆزۈم يېسەم لىۋىم چاپلاشتى،
يەنە يېسەم ئىشتىھىم ئاشتى.
دىخانلىرىم دەرھال ھال بىلىپ،
«كوك ئاموت» ۋە قېتىق بېرىشتى.

بۇ يېزىدا ھەربىر دىخاننىڭ،
ئۆي كەينىدە بىرنى بار ئىكەن.
كەمبەغەللەر ئىلگىرى تۈرمۈش،
سۈنتەمە ئۆز بىستان يار ئىكەن.

رەھمەت دەيمىز بۇ بەشكېرەمنىڭ،
بېغىلىرىدىن سەرخىل مېۋە يەپ.
خۇش ھاۋالىق باغۇ-بوستانغا،
ھەق نام بەرگەن «بېھىشت كېرەم» دەپ.

دىخانلار بىلەن ئىشتىياق ئىكەن،
بىر-بىرىنى قوللىشىدىكەن.
كەمبەغەللەر ھاشار قىلىشىپ،
ئۆي-ئىمارەت سېلىشىپ ئىكەن.

كۆرۈنەتتى سوزدە چىچەنلىك،
چىقىپ تۇرار مېھرى-شاپقەت.
قەب سىسۈمەش سورار ئامانلىق،
مۇسۇلمانلىق ئىسلامىي ئادەت.

قىزنىڭ بولدى بىر مۇھاكىمە،
كەسپىنە تەگە مىۋە بولۇشتە.
قاتناشقانىدىم ئەشۇ يىغىنغا،
كوردۇم خەلقىم مىسلى "پەرىشتە".

يەرئىگىسىدىن تارتىپ ئېلىنغان،
"مىۋە" لەرنىڭ تەخسىمى بولدى.
كەسپىئەل ۋە ياللانمىلارگە،
دەرىجە دەپ ئونغا بولۇشتى.

"مىۋىلەر" شۇ دەرىجىلەرگە،
پەرقى بىلەن ئاجرىتىلىشۇ.
كېيىن ئۇلار كەسپىلەرگە،
ئوخشاش پەرقتە تەخسىملىنىشۇ.

مانا شۇ چاغ ئىسمائىل ئاخۇنە،
ئاتلىق بوۋاي نوۋەتكە كەلدى.
ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ھەيئەت،
بىر ئاۋازدا چوڭ باھا بەردى.

"ئاتا بىزگە قانداش ئەنجانلىق،
زىگىرمە يىل ئالدىن كېلىپ قالغان.
بىر دەرىجە چوڭراق بېرەيلى،
خۇشال بولسۇن يۇرتىن ئايرىلغان...

بوۋاي بۇ گەپلەرنى خوپ تىڭلىشتى،
مېھرى بىلەن يېرىم دىللەرنى.
پاتمىغانىنى "يوقاش موماي" دەپ،
تەئوسىلە شتى قىزى دىلبەرنى.

كېيىن ھەممە رازى بولۇشتى،
بىر دەرىجە چوڭراق بېرىشكە.
بىر ئېغىزدىن قارار قىلىشتى،
باغ-ھويلىنى كېيىنكە يېتىشكە.

ئىچ-ئىچىمدىن خوش بولۇپ كەتتىم،
كۆرۈپ بۇنداق ئىنسانىي خىسلەت.
دىلىمدىن چىن شۈكرانە قىلدىم،
خەلقىمگە بار مېھرى-شاپائەت.

ھە، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن دائىم،
ئۆزبەكلەرنى «باشقا» دېمەيدۇ.
ئۆز-ئۆزىنى «قەشقەر»، «خوتەنلىك»،
دېگەنچىلا «ئەنجانلىق» دەيدۇ.

يەنە ئۇنى دائىم دېمەيدۇ،
«قەيەرلىك؟» دەپ سورىسا دەيدۇ.
دېمەك ئۇنىڭ ئۆز ئىشى بارغۇ،
ھۆرمەت بىلەن شۇ ئاتنى دەيدۇ.

قەشقەر دېمەيدۇ «يەكەنلىك»، «خوتەنلىك»،
غۇلجىدىمۇ «چۆچەكلىك»، «چاقىلىق».
ھەممە يەردە بۇ خەلق بىردۇر،
ھە، بىز قانداش، ئەجداد ئارقىلىق.

ناۋايىسىنىڭ نەزمىلىرىدىن،
ياد بىلمىگەن ئۇيغۇر تېپىش تەس.
بۇ خەلقنى ئۆتكەن ئەسىردە،
ئايرىۋەتكەن ھەككىي قانخور پەس...

× × ×

ئاتۇشنىمۇ بېرىپ كۆرگەنمەن،
ھەسسۇلتاننى، يېڭى سۇنتاغنى.
سۇنتاغ — ئاتا-بوۋامنىڭ يۇرتى،
بۇ يۇرتتىمۇ كۆردۈم كۆپ باغنى.

ئەنجۈر، ئۈزۈم، شاتۇت مول ئىكەن،
قەشقەردىن بۇ قىرىق يول ئىكەن.
بېرىپ يولدا بەشكېرەم بېغى،
سايباغ، قۇمباغ-ئۆلكە ۋە مول ئىكەن.

ئېچىنىمەن كۆپ ئاتالغانمەن،
ئاتا يۇرتىمنىڭ تەتۈر يىللىرىنى.
ياش چاققانلار سۆزلەپ بەرگەنتى،
باغ-ھويلىسىنىڭ تەۋسىلىرىنى.

زوت ئىستاننىڭ چوڭ ئاۋات ئەمەس،
تەسەۋۋۇرىم ئۇلۇغراق شەيى .
ياكى كىشى، يەر يەتمەي كوپ ئادەم،
كەتكەنلىكى ئېنىقراق شەيى .

ئاتۇشلۇقلار ھوشيار ئادەملەر،
ھەممە يەردە بىسيار بوچانلار .
سوداگەرلىك، ئىش بىلشىكتە،
بەكمۇ چاققان، ئەپچىل ئوغلانلار .

ئىغىلغانلىق تۇققانلار بىر كۈندە،
سىياسەتتىن ئىستىماقچى بولدۇم .
مەقسىتىم شۇ چۈشۈنۈپ ئالسا،
ھوشيار بولار دەپ مەن ئويلىدۇم .

نەدە دەيسىز مەززۇنى تاللاش،
تېپى "كىرىش" سوزنى ئىستىقانىم .
"بىرى ئىلىپ" بىرى قويۇشتى"
ئويلۇرۇمنىڭ دەررۇلا يانىم .

ئۇلگىمىزدە باشلانغان ھازىر،
"ئىسلاھاتلار" قايسى باسقۇچى .
"شۇئار" مۇ يەر ئىسلاھاتمۇ،
بىرى نەدە، قانداق ئاچقۇچى .

قايسى بىرى بولار "بايدىن مەزان"،
قانداق بولسا كەسپەل ياتراق .
بىلسەڭتى ھۇددى "لوگەنبۇ"،
تونۇشەتتى دەپ "تۇتسۇن ياتراق" .

نەمە دېيىش، نەمە قىلىشنى،
بىلسەككەن سوزلەپ بىرىشتى .
لىباس يەرئاز، ئەھۋال ئېغىر كەن،
خۇشخۇيلۇقنى كويلەپ دېيىشتى .

قايىل بولدۇم ھوشيارلىقىغا،
زورۇر كۆپ يەردە ئوت بارلىقىغا ..
يەتمىسە --دەر-- پاراۋان تاكىغا،
سەۋر قىلار يول تاپارلىقىغا .

تاڭنى كۈتۈپ ئۆمۈرۈم ئۆتتى،
سۆزۈڭلەرنىڭ بولسى ئاتەمدى .
ئەمما سۆتاڭ ئۆسۈت قۇزياش،
دايىم پارلاق، شۆكۈر، ياتمىسى .

## شەھىدانە خوتەنش

خوتەن مەشھۇر ئۇيغۇر ماكانى،
ژىپەك ئىلىم، قاش تېشى كانى .
"شەھىدانە" دەپ ياتلىنىشىدۇ،
ئاققان ئىكەن شەھىتلەر قانى .

قان ئاقمىغان بىزدە يۇرت بارمۇ؟
شەھىت يوقسە يۇرتتا قۇت بارمۇ؟
ئازاتلىق دەپ قانلار كەچتى خەلق،
قان تۆكۈلمى بىزدە ئاسانمۇ؟

يوسكامىز بىز كۆپ يوقاق كوردۇك،
سۆزلىرىدا يوق يوق ئىكەن بىلدۇق .
قاغىلىقمۇ جىرايلىق ئىكەن،
بازار ئاۋات، كورۇپ سويۇندۇك .

بىز تۆگۈتۈپ يەر ئىسلاھاتىنى،
يەكەن، خوتەن سەياھەت قىلدۇق .
بۇ قەدىمىي يۇرت - ماكانلاردا،
مازارلارنى زىيارەت قىلدۇق .

خوتەن - ئانام ئاتا يۇرتىكەن،
بوۋام قادىر بۇ يەردە ئۆسكەن .
ئۆمەردىيەم خوتەن ئانام بىلەن،
ياش ھايىتىلىپ ئىلىغا كوچكەن.

قەشقەردىن بىز بوسكام قاغىلىق،
"خەربانە يەكەن"نى كۆردۇق .
ئاخىر قەتەن جەنۇبىنى—
"شەھىدانە خوتەن"نى كوردۇق .

خوتەن خەلقى بەك تىرىك ئىكەن،
ئەر-ئايالى خوپ ژىرىك ئىكەن.
چوڭ ۋە كىچىك ئىشچان، ھونەرۋەن،
ئىتتىپاقى چىڭ، بىرلىك ئىكەن.

ھەممىنى بىز ئەمگەكتە كۆردۇق،
تۇرمۇش ئىلغار، زەھمەتتە كۆردۇق.
ئەسلى چاپان، روھلىرى تېتىك،
قەيسەر ئىنسان تەخلىتتە كۆردۇق.

سۈرۈشتۈرۈپ بىر تونى باردىم،
گىلەم توقۇش فابرىكىسىغا.
ھەممە جىددىي ئىشلەشمەكتەكەن،
قارىماستىن ھېچ ئاقسىغا.

ھەممە ئىشلەر، گىلەم توقۇشقۇ،
قولدا ئىكەن، ھېچ ماشىنا يوق.
مۈشكۈل ئىكەن توقۇشلىرى ھەم،
ئىشلىمىسە بولماس قوساق توق.

"قوساق" دېمەك مەن سۈرۈشتۈردۈم،
كۆرۈپ تۇرۇپ گىلەم توقۇشنى.
دەم ئېلىشقا چىقىشىن كۈتتۈم،
گىلەمسازدىن ئەھۋال ئۇقۇشنى.

ئەر خوتۇن ۋە يەنە ئونە ياش قىز،
ئولتۇرۇشۇپ گىلەم توقۇيتتى.
يەنە بوۋاق قىزمۇ بوشۇكتە،
ئۇنى ئانا بۇتتا نوقۇيتتى [1].

گىلەم ئىشلىكى - ئۈچ مېتىرلىكتى،
توقۇش ئۈچۈن بىر ئاي كېتەتتى.
ئىش ھەققىنى سورىغان ئىدىم،
"ئىش بۆتكىنىگە بىر سوم" دەيتتى.

سورىغىنىمنى ئايال سەزمىدى،
بوۋىقىنى قاراپ بەزلىدى.
كېيىن تەكرار سوئالىم ئاڭلاپ،
مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىدى.

---

1) نوقۇيتتى — تەۋرىتەتتى مەنىسىدە.

«بىرەر ئايدا بىر ئىش قىلىمىز،
شۇ كۈنلەرنى توقۇپ بولىمىز.
بەزگەن يولى بىلەن بىر ئايدا،
چاي-نانغىلا يېتەرقولىمىز...»

— گۆش يەمەمسىلەر، ياغ باشقىلارچۇ؟
— ئايدا بىرلا قېتىم گۆش يەيمىز.
— كىيىم-كېچەكلەر نېمە بولىدۇ؟
— ماڭا، شۇنى بىز كىيىم دەيمىز.

كۆرسەتتى ئۇ قوللىرى بىلەن،
شاتاۋاردىن تىكتۇق كۆينەكنى،
ئېرىنگىمۇ كۆينىكى ياماق،
ئېيتمىساقمۇ بولار بۇلاقنى!..

كۆزۈمدىن ياش تۆككەي چىققاتتى،
لېكىن شۇ دەم توختىتالمىدىم.
تۇققۇزۇچىم، ئىشەنەن، ئىزىلدىم،
ئۆز-ئۆزۈمنى ھېچ توختالمىدىم...

يالغۇز ئەمەس شۇ بۇنداقلار،
«ئىشلە!» دېيىشى پەقەت شۇ چاقلار.
قۇرۇق ماختاش بىلەن ئاۋارە،
ھەققىنى كۆرمەس، تىرىك قوچاقلار.

«ئازاتلىق» قا ئۆزى زىل بولغان چاغ،
ئەمگەكچى ئاچ، جاپاكەشتى زەھمەت.
سەپسەتە ئاۋاز ماۋجىلار دائىم،
يالغانچىلىق تىلەيتتى «رەھمەت».

روھىم چۈشۈپ، قايتتىم ياتاققا،
ئويلىسام كۆپ (قالماي چاتاققا!)
سەيدىمگە بېرىپ سۆزلىسەم،
«راستلا ئىشىنەر!» دېسە «قۇلاققا».

لوپ ناھىيە، قاراقاشتىمۇ،
كۆردۈم بېرىپ خۇددى شۇ ئەھۋال.
ئۈرۈمچىگە قايتىپ دوستلارغا،
ئېيتتىم بۇنى تىرەپ خال-خال.

## «ئۈچكە قارشى» ھەرىكەتتە

سەيياھەتتىن قەشقەرگە قايتساق،
«ئۈچ ھەرىكەت» باشلانغان ئىكەن.
«تۆرىچىلىك»، «پارىخورلۇق» ۋە
«خىيانەت»كە قارشى ھەرىكەت ئىكەن.

قانداق ئوبدان (ئەگەر شۇ بولسا)،
ئىلتىزىنىڭ كېرەك تۈگۈنۈش.
شۇ كاساپەت راستىن تۈگىسە،
ياغ بولاتتى قازاندا چۆمۈچ.

قارشى ئالدى شۇنداق ئىشەنچتە،
ئولاش ئىكى ئاق كۆڭۈل ئىنسان.
كېيىن ... يەنە «تارمىللەتچىسەن»،
«بۆلگۈنچى»، دەپ ئۇردى، تولتى قان.

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»دا،
«قانچە خىتاي ئۆلتۈرگەنسەن»، دەيتتى!»
شاھىتلىق سەن جاھانگىرلارغا،
سېتىش ئۈچۈن ياتقانسەن، دەيتتى!»

ۋەھاكازا تۆھمەت تاشلىدى،
ياغدۇرۇلدى مىللەت بېشىغا.
نامى گۈزەل بۇ بۇزۇق ھەرىكەت،
زەھەر سالغان خەلقىم ئېشىغا.

بۇ تۈزۈن ئۆلكە شۇ ئەھۋالدىكەن،
كېلىپ بىلۇق ئۆزۈمىزگە بىز.
قانچە ئۆلۈم، قاماق، سۈرگۈنلەر،
قانچە ئىنسان يوقاتتۇق ئىزسىز.

قىيناق، ئازاب، ئېلىسكە نەپرەت،
ئەزىزلەرنى گۇمراھ ئېتىپتۇ.
ھەر تەرەپتىن چىلىش بىراقلا،
ئۆز جېنىغا قەستمۇ قىلىپتۇ.

ئويلىساق بىر - يامانمۇ بولماس،
«ئوزىمىزدىن سايلار» چىققانىنى.
دوستقا تۆھمەت قىلىپ، ۋىجدانسىز،
«خاكىسىدىن ھۆرمەت تاپقان»نى.

ئىزا تارتماس ئىكەن ئۇنداقلار،
«قەھرىمانلىق» گويا كۆرسەتكەن.
مەجلىسلەردە ئۇچراشسا،
خوجايىنى خوش تەبەسسۇم ئەتكەن.

ھە، تاڭ كۈتۈپ ئۆمرۈم ئۆتتى،
سۆزۈلىدۇ بىر، لېكىن ئاتمىدى.
كۈتكەن تاڭغا، ئۈمۈت قۇياشىم،
يالقۇنلىرىۋ، زادى ياتمىدى.

## «ئاۋتونومىيە» ئويۇنلىرى

بۇ «ئويۇنلار» باشلانغاندىن بېرى،
ئەللىك بىرنىڭ ئەڭ دەسلىۋىسى.
سوئال بىلەن ۋەرەقە كەلدى،
«غەربىي شىمال» ھۆكۈمىتىدىن.

ھەربىرىدە بىر نەچچە سوئال،
ئۆلكە مىللىي تەركىبى قانداق؟
ئاۋتونومنىڭ كېرەكى بارمۇ؟
شەكلى ئۇنىڭ بولغۇسى قانداق؟

شۇ مەزمۇندا سوئاللار كەلدى،
بۇنى مەسئۇل كادىرغا بەردى.
«جەمائەدە ئۆگىنىپ چىقىپ،
جاۋاب يېزىڭ!» كۆرسەتمە بەردى.

جۈملىدىن بىز گېزىتخانىدا،
بىر نەچچە يىلدىن پىششىق ئۆگەنىۋۇق.
«ئەنە ئەمدى كەلدى پۇرسەت يازايلى،
ئارزۇيىمىز بىلسۇن!» دېگەنىدۇق.